# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

- پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا
- بىزدىكى مەدەنىيەت ۋە رېستوران قىزغىنلىقى
- ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق
- نەپسانىيەتچىنىڭ قارىنى تۆشۈك

'99 2

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى



يولداش ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇل-تىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق [illegible] 2 [illegible] داغدۇغىلىق ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسى، ھەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ دائىمىي رەئىسى ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، [illegible] قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات [illegible] ئەھۋالى ۋە 1999 - يىللىق پىلان لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلات، 1998 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك مالىيە ئومۇمىي خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1999 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك مالىيە ئومۇمىي خام چوتىنىڭ لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى [illegible] ۋەكىل [illegible] رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.



ھەر مىللەت ۋەكىللەر دوكلات ئاڭلىماقتا



ۋەكىللەر كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇشقا ئالاقىدار ئىشلارنى قول كۆتۈرۈپ ماقۇللىدى



ھەر مىللەت ۋەكىللەر دوكلات ئاڭلىماقتا

# يەنىمۇ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيلى

## ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنى تەبرىكلەيمىز

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

ھەر مىللەت خەلقى 20 - ئەسىر بىلەن خوشلىشىپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن 21 - ئەسىرنى كۈتۈۋېلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا قاتناشقان 500 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلق ۋەكىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا مۇشۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەزىپە ئۆتىگەن بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، يېڭى بىر يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنى شىنجاڭدىكى 17 مىليون ھەر مىللەت خەلقنىڭ يېڭى ئەسىرگە ئاتلىنىشى ئۈچۈن يەنىمۇ تىرىشىپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ بۇرغىسىنى ياڭراتتى، دېيىشكە بولىدۇ. بىز يىغىننىڭ غەلىبىسىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

ئۆتكەن يىل پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان بىر يىل بولدى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى (خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتلىرى) خىزمەتنى قانات يايدۇرغان تۈنجى يىل بولدى. بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرى بويىچە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن تۈرلۈك خىزمەت مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پۈتۈن دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش سۈرئىتىگە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بىر يىلدا يەرلىك نىزامدىن توققۇزنى تۈزدى ۋە تەستىقلىدى، «خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىزامى، ئەمگەك نازارەتچىلىك - تەكشۈرۈش نىزامىنى دەسلەپكى قەدەمدە قاراپ چىقتى، ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامىنى بىكار قىلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەمدە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خام چوتى، يېزىلاردا يەرلەرنى ئىككىنچى قېتىم مۆددەتكە بېرىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئامىمىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، ج خ، تەپتىش، سوت سىستېمىسىنىڭ تەربىيە بېرىش، تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەكشۈرۈپ، ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى؛ قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى، مەمۇرىي جازا قانۇنى، مەمۇرىي دەۋا قانۇنى، مۇھىت ئاسراش قانۇنى، ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش نىزامى قاتارلىق قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. بۇ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

(داۋامى 34 - بەتتە)

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

(ئايلىق ژۇرنال)
1999 - يىل 2 - سان
(ئومۇمىي 191 - سان)
(19 - يىل نەشرى)
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

تەھرىرات باشلىقى: ئەنۋەر غولام
باش مۇھەررىر: لەن شۈيى



تاغ سوۋغىسى    جارقىن ئابلىز فوتوسى

**ئوبزور** يەنىمۇ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيلى ...... ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (1)

**مەخسۇس خەۋەر** ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى ............................................ (4)

**يىغىن ھۆججەتلىرى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياستى دائىمىي رەئىسلىرىنىڭ ئىسىملىكى (11) نەپەر ........... (7)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياستىدىكىلەر ۋە باش كاتىپنىڭ ئىسىملىكى ........................ (7)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (10 نەپەر) ... (8)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى ...... (8)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى (5 نەپەر) ........................ (9)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (15 نەپەر) ............ (9)

**قانۇن تەتقىقاتى** ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسى توغرىسىدا ............ مەھەممەت ئىسمايىل (10)

**ئۆگىنىش** مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قىبلىنامىسى ...... ............ ئوبۇل مۇھەممەت (16)

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ............ تۇرسۇن نوختى ئاتاۋۇللا (21)

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر** پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ...... ............ ئابدۇكېرىم يۈسۈپ (28)

**خىزمەت تەتقىقاتى** پەرقلىق سان سايلىمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم ............ ............ ۋاڭ شىخۇ (35)



كۆل بويىدا — جارقىن ئابلىز فوتوسى

هەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
(CN65 — 1166/I)
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830002

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 ـ قورۇ

تېلېفون: 2822065 ئارقىلىق 63108، 63109

قانۇندىن سوئال ـ جاۋاب مالنى قايتۇرغاندا ئۇنىڭ ئامورتىزاتسىيىسىنى قانداق ھېسابلاش كېرەك
.................................................................... (40)
باشلامچىلار ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق .................... باھارگۈل ساۋۇت (41)
جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش بىزدىكى مەدەنىيەت ۋە رېستوران قىزغىنلىقى ....................
.................................................................... تۇرسۇن ياسىن (44)
مۇلاھىزە مۇھىت ۋە سالامەتلىك .................... بۇمەريەم شېرىپ (47)
ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ بېرىشىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ........ چېك سائىتمىڭ (48)
خەۋەرلەر خەۋەرلەر (12 پارچە) .................................... (49)
دېلودىن مىسال نەپسانىيەتچىنىڭ قازىنى تۆشۈك .................... تۇرسۇنجان مىجىت (57)
تەرمىلەر دۇنيادا قانچە خىل تىل بار .................................... (58)
2000 ـ يىلىغا بارغاندا بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن كېتىدىكەن
.................................................................... (58)
مەملىكىتىمىزدە نىكاھ كۆز قارىشى ئۆزگەرمەكتە .................................... (58)
چىرىكلىككە قارشى تۇرماسلىقمۇ بىر خىل چىرىكلىك .................................... (59)
بىلىۋېلىڭ شاۋقۇننىڭ كۆپ بولۇشى ئۇسمۇرلەرنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق ......
.................................................................... (60)
ئۆزىنى كەمسىتىش ئادەمنى بالدۇر قېرىتىۋېتىدۇ .................................... (60)
مەزى بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇش گۆش، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ ئىستېمال قىلىش بىلەن
مۇناسىۋەتلىك .................................... (61)
باللارغا پايدىسىز ھەرىكەتلەر .................................... (61)
ئەتىرگۈل ئىككى شېئىر .................... بەرھات مەتتمس (63)
يۇرتۇمدا باھار .................... راشىدىن ئەرشىدىن (64)
باش ئەگىم گۈلى .................... ھەبىبۇللا ئوسمان بوستانى (64)

### يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ، يېڭى سەھىپە يارىتايلى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى

## ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى زور ئۈمىد كۈتكەن ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

يىغىنغا قاتناشقان 500 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ۋەكىللەر قىسقىغىنە يەتتە كۈن ئىچىدە يىغىن قارالمىسى بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەن شۆچى بەرگەن ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ۋە 1999 - يىللىق پىلان لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ۋە 1999 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن زېيۇ بەرگەن ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق ئومۇمىي خام چوتنىڭ ئىجراسى ۋە 1999 - يىللىق ئومۇمىي خام چوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى مەھەممەت روزى بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مەھەممەت يۈسۈپ بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى تولۇقلاپ سايلىدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىجرائىيە رەئىسى، يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسى ھامىدىن نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى. ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، شۇ پېڭ، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، قادىر جانابىل، خوجىخان ھاكىموۋ، سۇلايمان، ماجيەنگو، مەھەممەت ئىسمايىللار يىغىنغا قاتناشتى ۋە رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كېرىمباي، جاڭ يۈەنچۈەن، جۇيۇڭشۇن، ۋاڭ چۈەنيۇ، ئابدۇرېھىم ھامىد، چېن دېمىن، ۋۇ دۇنفۇ، خۇ جيايەن، ئىسمائىل تېلىۋالدى، جاڭ شيۇمىڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

دوكلات يەتتە قىسىمغا بۆلۈندۇ: 1) ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. 2) ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، پىكىر يولىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز؛ 3) جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىپ، 1999 - يىللىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەيمىز؛ 4) مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ 5)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى يەنىمۇ ياخشى ساقلايمىز؛ 6) ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئۆز خىزمەتلىرىنى داۋاملىق ئوبدان ئىشلىشى لازىم؛ 7) ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دۆلەت مەمۇرلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرىمىز.

دوكلاتتا بۇلتۇرقى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرى خۇلاسىلىنىپ مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 1998 - يىلى بەكمۇ ئۆزگىچە بىر يىل بولدى. بىز قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. ئىقتىسادنىڭ خەلقئارالىشىشى تېزلەشكەن، ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن، ئىچكى ئۈنۈملۈك ئېھتىياج يېتەرلىك بولمىغان، شۇنداقلا خېرىدارلار بازىرى شەكىللىنىۋاتقان مۇرەككەپ ئىقتىسادىي مۇھىتتا، بىز پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلدۇق؛ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن تارىخىي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ، ۋەزىيەتنى شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەتراپلىق ھەم ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇردۇق؛ بىر قاتار چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىقتىسادنى بار ئامىللار بىلەن يۈكسەلدۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن، خەلق ئىگىلىكىمىزنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلىرىمىزنى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئومۇمىي تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

دوكلاتتا نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلدى: سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش كۈچى ئاجىز، كۆپلىگەن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، زىيىنى كۆپىيىۋاتىدۇ، ئۈنۈمى تۆۋەنلەۋاتىدۇ؛ يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھەلىرى ئاجىز، يېزىلاردىكى 2 -، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى تەسىرىدە، دېھقان، چارۋىچىلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولۇۋاتىدۇ؛ مالىيىدە ئۆزىمىزنى قامداش نىسبىتى تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ، كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش قىيىن بولۇۋاتىدۇ، نۇرغۇن مەخسۇس مەبلەغلەر ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمەيۋاتىدۇ، ۋەھاكازالار. بۇ مەسىلىلەر ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى زىددىيەتلەرنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇلتۇر يىل بېشىدا بېكىتىلگەن ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش نىشانىغا يېتىشىگىمۇ بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزدى. دوكلاتتا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىز بۇ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، ئۈمىدسىزلەنمەي، پاسسىپلىق قىلماي، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، قاراشنى يېڭىلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە بۇ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ تۈگىتىمىز ۋە ھەل قىلىمىز.

ئابلەت ئابدۇرېشىت دوكلاتتا مۇنداق كۆرسەتتى: بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئومۇمىي پىكىر يولى — ھەممىدە ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىشلىرىمىزنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىش؛ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇش، ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوچۇق ئىگىلىكنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ مەۋقەنى ساياھەت

بايلىقى ئۈستۈنلۈكىگە قويۇپ، ساياھەتچىلىكنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت.

دوكلاتتا: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا خىزمىتى يىغىنى ھەمدە ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، قاراشنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، پاختا، نېفىت مۇھىم نۇقتا قىلىنغان بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى ئىقتىسادىي يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىق تەدبىر قىلىش: ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئىقتىسادىي يۈكسەلدۈرۈشتىكى يېڭى نۇقتىلارنى پائال يېتىلدۈرۈش؛ يېزا ئىگىلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شەھەر، يېزىلاردا بازار ئېچىش، ئېكسپورتنى كېڭەيتىش؛ پۇل مۇئامىلە خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى ئازايتىپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئىگىلىكىمىزنى سىجىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1999 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىگە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1999 - يىللىق ئىقتىسادىي ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش نىشانى مۇنداق: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 122 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، سېلىشتۇرما باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 8 ئاشۇرىمىز. بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - كەسىپنىڭكىنى %4، 2 - كەسىپنىڭكىنى %10.4، 3 - كەسىپنىڭكىنى %9 ئاشۇرىمىز؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى 30 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، %4 ئاشۇرىمىز؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتىنى 32 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، %9 ئاشۇرىمىز؛ ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۈلۈككە سالىدىغان مەبلەغنى 60 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، %15.4 ئاشۇرىمىز؛ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنى 1 مىليارد 600 مىليون دوللارغا يەتكۈزۈپ، %4.6 ئاشۇرىمىز؛ ئومۇمىي مالىيە كىرىمىنى 12 مىليارد 675 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، %13.3 ئاشۇرىمىز؛ تاۋارلار پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتىنى %3 ئىچىدە كونترول قىلىمىز؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى ‰15 ئىچىدە تىزگىنلەيمىز؛ شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمىنى %5 ئەتراپىدا ئاشۇرىمىز، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى %7.5 ئاشۇرىمىز.

دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق ۋەزىپىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنداپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغات تەقدىم قىلىپ، يېپيېڭى روھىي قىياپىتىمىز بىلەن 21 - ئەسىرگە قاراپ مەردانە قەدەم تاشلاشقا چاقىرىق قىلىندى.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن يەنە غوپۇر ئابدۇللا، ۋاڭ خۈەيىۈ، دەلىلقان مامىقان، شۇڭ خۈيىسن، مەتتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسرىدىن، ۋاڭ يۈسەن، ماۋدېخۇا، لى دۇڭخۇي، يۈسۈپ ئەيسا، بېك مۇقاممەت مۇسا، ۋاڭ خەرۇ، جاڭ گۈيتىڭ، پاش ئىشان، سېرجى، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، جۇ جىنجۇڭ، ماھىنۇر قاسىم، فاڭ دىڭخۇا، يۆبىڭلىيى، جاڭ لىبو، بوتاي، خوجاۋجاڭ، مەتتىمىن ئابدۇرېھىم، فاڭ دېنرۇڭ، مەھەممەت روزى، مەھەممەت يۈسۈپ قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق كومىتېت، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتى دائىمىي رەئىسلىرىنىڭ ئىسىملىكى (11 نەپەر)

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى

ھامىدىن نىياز
لى فېڭزى
خەلچەم ئىسلام
شۈپېڭ
جاڭ خېڭ
مىجىت ناسىر
قادىس جانابىل
خوجىخان ھاكىموۋ
سۇلايمان
ماجيەنگو
مەھەممەت ئىسمايىل

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتىدىكىلەر ۋە باش كاتىپنىڭ ئىسىملىكى

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى

(78 نەپەر، ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ھەيئەت رىياسەتىدىكىلەر:

ئابدۇرېھىم ھامىد
ئابدۇغېنى ماخمۇت
ئابدۇقادىر توختى
ئابلا يۈسۈپ
ئابلەت ئەۋرا
ئابلىز پەيزۇللا
ئارزۇگۈل ئايۇپ (ئايال)
ئامىنە سۇلايمان (ئايال)
ئايۇپ قۇربان
ئەسقەت كېرىمباي (قازاق)
بايخوجا مىركىتباي (قازاق)
تۇڭ فۇلىن (شىبە)
جاڭ خېڭ
جاڭ ۋېنيۈ
جاقان ئۇمار (قازاق)
جانابىل (قازاق)
جۈجيەنخۋا
جۇشېڭتاۋ
جۈيۈڭشۈن
جۈيۈەن
چېن دېمىن
خەلچەم ئىسلام (ئايال)
خوجىخان ھاكىموۋ
خۇجاۋشىڭ (مانجۇ)
خۇجيايەن (ئايال)
داباچىسكى لىما (ئايال، رۇس)
دىلبەر مىرۋاخىت (ئايال، ئۆز-بېك)
رازىيە قادىر (ئايال)
رېھىمجان
زوڭغورۇپ (موڭغۇل)
ساۋگوچىن (ئايال)
ساۋۇرھاجى ئالىمجان
سەلەي (موڭغۇل)
سۇڭ ئەيرۇڭ (ئايال)
سۇڭ داچېڭ
سۇڭ دىتاڭ
سۇلايمان (قىرغىز)
شۈپېڭ
شىن دېفۇ (داغۇر)
قادىس جانابىل (قازاق)
قاشىرەت نېكىش (قازاق)
قېيۇم باھاۋۇدۇن

كابىن داۋۇت (قازاق)
لوبۇسەي (موڭغۇل)
لى جاۋجى
لى فېڭزى
لى لياڭخۇي
ليۇ چۈەنجېن
ماجيەنگو (خۇيزۇ)
ماجيې (ئايال، خۇيزۇ)
ما رۇڭ
ماشىيەن (خۇيزۇ)
ماپېفاڭ (ئايال، دۇڭشياڭ)
مەسخۇت ۋەلى (تاتار)

مەھەممەت ئەخلەت
مەھەممەتجان ئەمەت
مەھەممەت ئىسمايىل
مەمەت ياسىن روزى
مىجىت ناسىر
مىرزاي دوسمەمەت (تاجىك)
نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر
ھامىدىن نىياز
ھەسەنبېك تۇردى (قىرغىز)
ھەيدەر ئاقان (قازاق)
ھۈسەيىن يۈسۈپ
ئوبۇلقاسىم قارىھاجى بارات

ۋاڭ چۈەنيۇ
ۋاڭ لېچۈەن
ۋاڭ ئېنماۋ
ۋاڭ يۈڭمىڭ
ۋۇچىلىن
ۋۇدۇڭفۇ
ئىبراھىم خالىق
ئىسمايىل تىلىۋالدى
ياڭ ياۋخۇا
ياۋ يۈڭفېڭ
يەن خۇجۇڭ
باش كاتىپ: لى فېڭزى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (10 نەپەر)

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى

مۇدىرى: قادىر جانابىل (قازاق)
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
ساۋ زۇڭخۇي
مەخمۇت مەمەت

ئەزالىرى: مەھەممەتجان ئەمەت
ھەسەن قامىتباي (قازاق)
زوڭ شىنفۇ
ئىمىن مىھمانشاھ

زوڭغوروپ (موڭغۇل)
ھەسەنبېك تۇردى (قىرغىز)
يۇ جىباۋ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك

خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 18 ـ ۋە 30 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش ۋە پىلان ـ خام چوت تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا مەخسۇس كومىتېت تەسىس قىلىنمىغانلىقتىن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى» نىڭ 7 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدا ئايرىم ـ ئايرىم خىزمەت ئىشلەيدىغان تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە پىلان ـ خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىش قارار قىلىندى.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى (5 نەپەر)

**1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى**

| | | |
|---|---|---|
| مەھەممەت ئىسمايىل | خەن چىبىڭ | شاۋچياڭ |
| فۇچياڭ | ياڭ جاۋجى | |

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى تەكلىپ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى (15 نەپەر)

**1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى**

| | | |
|---|---|---|
| مۇدىرى: | سۇلتانامۇت مەمەتيۈسۈپ | ساۋ گوچېن |
| خەلچەم ئىسلام (ئايال) | جيا جيەنيۇ | لى گۇاڭچيەن |
| مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: | بايخوجا مىركىتباي (قازاق) | پۇرۋە (موڭغۇل) |
| ياڭ مىڭسەي، | تۇنىياز مەمەت | ۋاڭ يۇشېڭ (خۇيزۇ) |
| مەمەت يۈسۈپ | جياڭ جيەنخېڭ | دىلارە ئابلەت (ئايال) |
| ئەزالىرى: | قۇۋۋەت ئەلى (قىرغىز) | قاۋكەن كالىم (قازاق) |

# ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان «دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسى توغرىسىدا

● مەھەممەت ئىسمايىل ●

11 ـ ئەسىردە دۆلىتىمىزدە ئۆتكەن ئاتاغلىق ئۇيغۇر ئالىم، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مىلادى 1070 ـ يىللاردا قەشقەردە يېزىپ قالدۇرغان «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شانلىق ئەسىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرى ئىچىدە نادىر ئەسەر، شۇنىڭدەك ئۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي بايلىقى. بۇ ئەسەر مەزمۇنى جەھەتتە ناھايىتى كۆپ بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن بىرلىكتە، ئۇنىڭ قانۇن تورغۇزۇش، قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش، قانۇننى ئادىل يولغا قويۇش جەھەتلەردىكى قانۇنشۇناسلىق ئىدىيە مەزمۇنلىرىمۇ ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە، ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ مەلۇم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىدا ئاتاقلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە داڭلىق رېئالىزمچى مۇتەپەككۇر، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن ئۇ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، ئەلنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. قانۇن ئارقىلىق قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشنى، خاندانلىقنىڭ سىياسىيىسىنى ياخشىلاشنى تەرغىب قىلغان. ئۇنىڭ قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت دەۋر ھالقىغان بۇ خىل ئىدىيىسى شۇ زاماندىكى كۆپلىگەن پادىشاھلىق ۋە دۆلەتلەردىكى ئۆلىمالار ۋە ئالىملار ئارىسىدا قانۇن توغرىسىدىكى يېڭى ئۇقۇم بولۇپ كەڭ تارقالغانىدى. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە پادىشاھلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن شەرتلەر ئىچىدە بىر دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ نېگىزلىك تەدبىرلىرى بولغان قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ياكى تۇرماسلىق شۇ دۆلەتنىڭ گۈللىنىش ياكى زەئىپلىشىپ كېتىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبتۇر، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسرىدە ئىنتايىن ئېنىق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ 3463 ـ، 2136 ـ، 2137 ـ بېيىتلارنى يازغان.

ئادالەت ۋە قانۇن ـ ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىدۇر،
تۈۋرۈك قىڭغايسا ئاسمان ئۆرە تۇرالمايدۇ.

قايسى بىر بەگ خەلققە قانۇن يۈرگۈزمىسە،
خەلقنى قوغدىمىسا، تالان ـ تاراج قىلسا.

(ئۇ) خەلقنى ئوتقا تۇتقانلىق، ئېلىنى بۇزغانلىق بولىدۇ،
بەگلىكنىڭ ئۆزىمۇ، شۈبھىسىز يىقىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋر خانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى فېئودالىزم دەۋرى، لېكىن ئۇ تەشەببۇس

قىلغان دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بولسا بىر يېڭى شەيئى. خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەممە باپپاراۋەر بولۇش ھوقۇقىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا شۇ دەۋرلەردە خەلقنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇنداق تەشەببۇسنى خەلق ئاممىسى قىزغىن قارشى ئالغانىدى. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 2132 ـ، 2133 ـ، 2134 ـ بېيىتلىرىدە مۇنداق دېگەن:

ئەلنىڭ تىرىكى، ئۇلى (ۋە) مۇستەھكەملىكى،
ئاساسى، نېگىز ـ يىلتىزى ئىككى نەرسىدۇر:

بىرسى خەلقنىڭ ئۆلۈشى بولغان قانۇندۇر،
(يەنە) بىرسى ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەرگە كۈمۈش تارقىتىش.

قانۇن بىلەن خەلق خۇشال ياشىسا،
كۈمۈشنى كۆرۈپ ئەسكەر ـ خىزمەتچىلەر چىرايى ئېچىلىدۇ.

دۆلەتتە قانۇن بولغانىكەن، ئۇنى قانداق يولغا قويۇش، قانداق ئادەملەر ئارقىلىق يولغا قويۇش، مانا بۇ قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ناھايىتى كۆپ تەكىتلىگەن. قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى كۆپ سۆزلىگەن. «قازى»، «خەلپەت»، «ۋەزىر» لەرنىڭ رولىنى تەكىتلەپ 5328 ـ، 5329 ـ، 5330 ـ، 5331 ـ، 5332 ـ بېيىتلاردا مۇنداق دەيدۇ:

ئەي ئەلگە، ئۈچ خىل كىشىنىڭ تاللانغىنىنى ئىزلە،
ئاندىن كېيىن بۇ ئۈچ (كىشىگە) ئىشىڭنى تاپشۇر.

بۇلارنىڭ بىرى قازى، ئۇ زېرەك، پاك،
تەقۋادار بولۇشى، خەلققە پايدىسى تېگىشى كېرەك.

ئىككىنچىسى خەلپەت، ئۇ ئىشەنچلىك، چىن بولۇشى كېرەك،
شۇنداق بولغاندا خەلق ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ، بەختلىك ياشايدۇ.

ئۈچىنچىسى ۋەزىر، ئۇ بەك تاللانغان بولۇشى كېرەك،
خەلققە نېمە كەلسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ.

بۇ ئۈچ ئىشنى قىلىدىغان (كىشىلەر) توغرا، ئادىل بولسا،
خەلق ھالاۋەتكە يېتىدۇ، كۆڭلىرى يورۇق بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرگە جېكىلەپ، قانۇن بار تۇرۇقلۇق ئۇنى يولغا قويمىسا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار پاك - دىيانەتلىك بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، دەيدۇ. ئۇ 5334 - بېيىتىدە مۇنداق دېگەن:

بۇ ئۈچ ئىشتىكى كىشىلەر يارامسىز بولسا،
پۈتۈن ئەلنىڭ ئىشلىرىمۇ يارامسىز بولىدۇ.

قانۇننى يولغا قويۇشتا «قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى تۈزەش» مۇ ياكى قانۇن ئارقىلىق پۇقرانى تۈزەشمۇ، قانۇن ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەكمۇ ياكى كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەكمۇ؟ بۇمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھەرلىك مېغىزى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن يۈرگۈزگەندە ئادىل بولۇشنى، كىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، شۇ كىشىنىڭ قانۇن بويىچە جازالىنىشىنى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق يۈز خاتىرە قىلماسلىقنى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. مانا بۇ ئۇنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىنىڭ مېغىزى. بۇ خىل ئىدىيە ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ چوڭقۇر يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ 817 -، 818 -، 819 -، 821- بېيىتلىرىدە مۇنۇلارنى شەرھلىگەن:

مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم - تۇغقىنىم بولسۇن،
مەيلى يولۇچى، ئۆتۈنچى ياكى مېھمان بولسۇن،

قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىسى مەن ئۈچۈن بىردەك،
ھۆكۈم قىلغاندا، (رەھبىرى) مەندىن پەرق تاپالمايدۇ.

قارا، بەگلىكنىڭ ئۇلى ھەق - ئادالەتتۇر،
بەگلەر ئادىل بولسا، ھاياتتا (ھالاۋەت) بولىدۇ.

بۇ بەگلىكنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر،
بەگلىكنىڭ يىلتىزى ئادالەت بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولسۇن» دېگەننى ئېنىق تەشەببۇس قىلغان، بۇ شۇ زاماندىكى قانۇن يۈرگۈزگەندە ئادىل بولماسلىقتەك ئېغىر ئىجتىمائىي ھادىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان. ئۇ زاماندا ھوقۇق تۇتقانلار قانۇن ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ، پۇقرانى بوزەك قىلاتتى. پۇقرالارنىڭ بولسا بۇ خىل ئادالەتسىزلىككە، تەڭسىزلىككە غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشاتتى. ئۇنىڭ ھوقۇقدارلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيانلىق ۋە ئۆزىگىمۇ يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈشىنى بىلىپ تۇرۇپ مۇنداق تەشەببۇسنى يورەكلىك ئوتتۇرىغا قويالىشى نېمە دېگەن ھەقىقەتپەرۋەرلىك، دانالىق - ھە! بولۇپمۇ، 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار خانلىق جەمئىيىتىدە بۇنداق دەۋر ھالقىغان ئىدىيىنىڭ — كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقالىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسى بىر قەدەر مۇكەممەل بىر سىستېما، ئۇ قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلىك ھوقۇقتا ھۆرمەت قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزگەندىلا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۇ 5170 ـ، 5172ـ بېيىتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

توغرا يول، ئادىل قانۇن يۈرگۈزگىن،

(شۇنداق قىلساڭ) بەگلىك ئورۇن پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

بەگلىكنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەشنى خالساڭ،

قانۇن چىقار، ئادالەت يولىنى تۇت.

ئۇ قانۇن يۈرگۈزگەندە ئادىل بولۇش بىلەن بىرلىكتە، مەدەنىيەتلىك بولۇشنى تەكىتلەپ 5576 ـ بېيىتىدە مۇنداق دېگەن:

خەلققە ئادىل قانۇن يۈرگۈز،

بىرىنىڭ ئىككىنچى (بىرسىگە) زۇلۇم قىلىشىغا يول قويما، ئۇلارنى قوغدا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدا توختالغاندا، قانۇن تۈزۈشنىڭ مۇھىملىقى، بولۇپمۇ قانۇن ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ قانۇني مەنپەئىتىنى قوغداشنى، ياخشى قانۇن تۈزۈشنى، يامان قانۇن تۈزمەسلىكنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن، ئۇنداقتا ئۇ دېمەكچى بولغان ياخشى قانۇن نېمە؟ ئۇ مۇتلەق كۆپچىلىك پۇقرانىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، خەلق ئاممىسى قارشى ئالىدىغان قانۇن. ئۇ دېگەن يامان قانۇن، پۇقرالارغا زوراۋانلىق قىلىپ، پۇقرالارنىڭ قان تەرىنى شورايدىغان، ھوقۇقدارلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان قانۇن. ئۇ 1458 ـ، 1459 ـ، 1460 ـ، 1461ـ بېيىتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

ھەي قانۇن تۈزگۈچى ياخشى قانۇن تۈز،

يامان قانۇن تۈزگۈچى ئۆرە يۈرسىمۇ ئۆلگەنگە ھېساب.

ئەي ئەلنىڭ بېشى، دانا، يامان نىزام تۈزمە،

(ئۇ) يامان بولىدىكەن، جاھاننى ئىگىلىيەلمەيدۇ.

(بىرەرسى) ئۆز زاماتىسىدا يامان قانۇن تۈزسە،

ئۆزىدىن كېيىن يامان نام قالدۇرىدۇ.

كىم بولمىسۇن ياخشى بىر قانۇن تۈزۈپ قويسا،

ئۇنىڭ بىلەن ئۆز نامىنى تىكلىيەلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى، دۆلەتنى مەرىپەت يولى بىلەن، ئىلىم ـ ئىرپان يولى بىلەن باشقۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە

مەرىپەتپەرۋەرلىككە دائىر، ئىلىم - ئىرپانغا دائىر چوڭقۇر مەزمۇنلار بار. دېمەك ئۇ، دۆلەت مەنپەئەتى، خەلق مەنپەئەتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈن قانۇن - قائىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋر ئېلىمىز خاندانلىقلىرىنىڭ تازا قالايمىقانلاشقان مەزگىللىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەۋر ھالقىغان ئالدىن بىلەرمەنلىكى، توپلىغان نۇرغۇن تەجرىبىلىرى، مول بىلىملىرى، ئۆتكۈر سىياسىي قاراشلىرى، بولۇپمۇ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان يۈرەكلىك روھ بىلەن ئەنە شۇنداق تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويالىشى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قالتىس ئىش. ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى تازا مۇكەممەل بولمىسىمۇ، شۇ دەۋر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن قەدىرلىك بولغان، تاكى ھازىرغىچە دۇنيا بويىچە نۇرغۇن دۆلەتلەردە كۆپلىگەن تىللاردا كەڭ تارقىلىپ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دۇنيا ئالىملىرىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، تىللاردا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

ئېلىمىز نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىزم جەمئىيىتى تارىخىنى بېسىپ ئۆتكەن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان يېرىم فېئودالىزم ۋە يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇ چاغلاردا «قانۇن»، «باراۋەرلىك»، «دېموكراتىيە»، «كىشىلىك ھوقۇق» دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. پەقەت، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلىتىمىز ئازاد بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنلا، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت قۇرۇلۇپ، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان يېڭى دەۋر باشلاندى، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش» دېگەن سۆز 1954 - يىلىلا ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. لېكىن دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تۇرلۇك ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ راۋاج تاپالمىدى. بەلكى ئۇ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش»، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش» دېگەنلەر ئاللىقاياقلارغا چۆرۈپ تاشلاندى. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلىندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىر قاتار نەزەرىيىسىنى ئەتراپلىق يەكۈنلەپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بەردى. پارتىيىمىزنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 - ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىگە ئاساسەن، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش كۆرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ فاڭجېنى» ئىكەنلىكى ئېنىق بېكىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تۇنجى قېتىم پارتىيىمىز تارىخىدا تۈپ فاڭجېن قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ تارىخىي تەرەققىيات بولۇپ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلىتىمىزدە بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت سىياسىي تۈزۈمنىڭ قايتىدىن ئەسلىگە كېلىشى ۋە تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشى بىلەن ھازىرغا قەدەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزۈپ چىققان چوڭ قانۇن 330 دىن ئاشىدۇ، گوۋۇيۈەن تۈزۈپ ئېلان قىلغان قانۇن كۈچىگە ئىگە نىزام - قائىدىلەر 700 دىن ئاشىدۇ. يەنە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزۈپ چىققان يەرلىك قانۇن - نىزاملار 3000 دىن ئاشىدۇ. دېمەك ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھە - ھەر كەسىپكە چېتىلىدىغان قانۇن - نىزام، قائىدە - بەلگىلىمىلەر ئاز ئەمەس، بۇ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تۈپ فاڭجېنىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئېلىمىزدە فېئودالىزم قالدۇق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇزۇن يىللار يولغا قويۇلغان پىلانلىق ئىگىلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، يەنە رەھبەرلەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئادەت ۋە ئىستىلىنىڭ قاتلاممۇقاتلام سىڭىپ كېتىپ، قانۇننىڭ ئومۇملىشىشىنىڭ تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچرىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەمئىيەتتە قانۇن بار تۇرۇقلۇق قانۇن بويىچە ئىش قىلمايدىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى، بولۇپمۇ قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتە قىلمايدىغان، جازالىمايدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولمايدىغان ئەھۋاللار ھېلىھەم مەۋجۇت. مانا بۇلار نۆۋەتتە، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى فۇنكسىيىلىك ئورۇنلىرى، ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىملىق ئورگىنى بولغان دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇنىي نازارىتىنىڭ، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئورۇنلىرىنىڭ دېموكراتىك نازارىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا، قانۇنىي تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر قانداق ئىشنى قانۇن ئۆلچىمىگە سېلىپ قارايدىغان، قانۇنىي نازارەتچىلىك سەۋىيىسى بىلەن كۆزىتەلەيدىغان بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم. بىز ھازىر دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بارغانسېرى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئومۇمىي خەلق قانۇن كۆز قارىشى ئومۇملىشىۋاتقان ئوبدان بىر ياخشىلىنىش دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. ئىشىنىمىزكى، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىيىمىزنىڭ قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن ئىشلىتىش، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىمىز تارىخىدا ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنى زامانىمىزغا، ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلاپ راۋاجلاندۇرساق، ئۇلار ئارزۇ قىلغان ئىشلار چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ!

(ئاپتور دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ باش كاتىپى)

# مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قىبلىنامىسى

— باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن

● ئوبۇل مۇھەممەت ●

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە جۈملىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يۇرتى شىنجاڭنى مەدھىيىلەپ ئوقۇيدىغان: «يەر بايلىقى كۆپ، تۇرمۇش پاراۋان» دېگەن ناخشىسى تونۇشلۇق. چۈنكى بۇ ناخشا سەھنە - ئېكرانلاردا ھازىرغىچە ئورۇندىلىپ كەلمەكتە (ھەتتا خەنزۇ تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان). ئۇيغۇرلار مۇشۇ ناخشىنى قورسىقى تويغاندىمۇ ئوقۇيدۇ، ئاچقاندىمۇ ئوقۇيدۇ، پەخىرلىنىدۇ. باشقىلار ئالدىدا مۇشۇ ناخشا بىلەن پو ئېتىپ ماختىنىشىدۇ. تۇرمۇش مەنتىقىسى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە بۇنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. تۆگىسى بار تۆگىسى بىلەن، مۇشۇكى بار مۇشۇكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. راستىنى دېسەم ئۆزۈمدىمۇ ئاشۇ ناخشىدا دېيىلگەندەك ھېسسىيات بار.

باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى ئىككى قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مۇشۇ «سۆز» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ھەر خىل، ھەر دەرىجىلىك نەشرىيات - مەتبۇئات ئورگانلىرى نەشر قىلىۋاتقان گېزىت - ژۇرناللاردا مۇشۇ «سۆز» ھەققىدە ئېلان قىلىنغان تۈرلۈك يېزىلمىلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئويغىنىپ ئويغانغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كەلدىم. «يەر بايلىقى مول، تۇرمۇش پاراۋان» دېگەن ناخشىمىزغا بۆلەك چىلا قاراپ قالدىم. توغرىسى: «يەر بايلىقى» قولغا كىرمىگەن پۇل، كانارىغا چىقمىغان گۆش، ئېتىزلىقتىكى «نان»... ئومۇمەن، ئىقتىسادقا ئايلانمىغان ئىپتىدائىي نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلاپ، شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ماھىيىتى بىلەن كۆزىتىپ پىشقان، يېتىلگەن ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ: «شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. باش شۇجىنىڭ ئوبيېكتىپ، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم يوليورۇقى ئالدىدا «يەر بايلىقى كۆپ، تۇرمۇش پاراۋان» دېگەن ناخشا بالىلىق، گوللۇق، نادانلىق خاراكتېرى بىلەن كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ ئىلگىرىكى ھېسسىيات، قاراش - چۈشەنچىلىرىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ھازىرقى ھېسسىيات، قاراش، چۈشەنچەم بويىچە دېسەم «يەر بايلىقى» دېگەندە مۇقەررەركى: تەبىئىي بايلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كونكرېتلاشتۇرغاندا: يەر، سۇ، نۇر، ئىسسىقلىق، نېفىت، نېفىت گازى، تۈرلۈك مەدەن كان مەھسۇلاتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «يەر» گە دېسەپ تۇرغىلى بولىدۇ. «سۇ» نى ئىچكىلى، ئىچكۈزگىلى بولىدۇ. «يەر» گە دېسەپ، «سۇ» ئىچىۋەرسە «تۇرمۇش پاراۋان» بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ئادەم يىقىلىدۇ. باشقا بايلىقلار ئىقتىسادقا ئايلاندۇرۇلمىسا ئىپتىدائىي پېتى تۇرۇۋېرىدۇ. شۇڭا، «شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش كېرەك».

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ: «شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش» توغرىسىدىكى يوليورۇقى كومپارتىيىنىڭ 3 - ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا بەلگىلىگەن يېڭى ئىستراتېگىيىسى بولۇپ، شىنجاڭ تارىخىدا تېپىلماس پۇرسەت. بۇ

كومپارتىيىنىڭ 2 - ئەۋلاد رەھ-
بەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادرو-
سى، باش لايىھىلىگۈچى يولداش
دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1992 - يىلى
جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە
بەرگەن يوليورۇقلىرى بىلەن تەڭ
قىممەتكە ئىگە. باش شۇجى جياڭ
زېمىن يادرولۇقىدىكى ج ك پ
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىن-
جاڭنى دۆلىتىمىزدە ئەڭ چوڭ تا-
ۋار پاختا بازىسى، مۇھىم چارۋا
مەھسۇلاتلىرى بازىسى، قەنت -
شېكەر ماتېرىياللىرى بازىسى ۋە
ئاشلىق بازىسى قىلىپ قۇرۇپ
چىقىشنى بەلگىلىگەنلىكى ھەمدە
بۇنى باش شۇجى، دۆلەت رەئى-
سى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار
كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆزى
شىنجاڭغا كېلىپ ئېلان قىلغانلى-
قى، شۇنىڭدەك: «مەركەز شىن-
جاڭدا تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ
پايدىلىق شەرت - شارائىتى ھا-
زىرلاندى، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ ئىق-
تىسادىي تەرەققىياتىدىكى، بولۇپ-
مۇ كېيىنكى ئەسىردە ئىقتىسادنى
ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى
قىلىش لازىم»، دەپ قارايدۇ.
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققى-
ياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچى
بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي
ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشقا يۈ-
رۈش قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ
قەيت قىلغانلىقى جاكار، قارار؛
كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان
سىياسەت. ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان
سىياسىتى. بىز شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك
ئارزۇسى. شىنجاڭنىڭ بايلىق
ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈس-
تۈنلۈككە ئايلاندۇرغاندىلا ئىقتى-
ساد تەرەققىي قىلىدۇ. ئىقتىساد
تەرەققىي قىلغاندىلا قالاقلىق،
نامراتلىق تۈپ يىلتىزىدىن تۈگەي-
دۇ. شۇندىلا شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقى گۈزەل، بەختلىك
تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ.

بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىق-
تىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇ-
رۇش ئىشى يالغۇز شىنجاڭلىقلار-
نىڭلا قولىدىن كەلمەيدۇ. مۇشۇ
باش مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش
ئۈچۈن: «ئېچىۋېتىش دائىرىسى-
نى يەنىمۇ كېڭەيتىش، چەت ئەل-
لەر بىلەن، بولۇپمۇ شەرقىي -
جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى ئۆلكە،
شەھەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى
كۈچەيتىش، كۆپ شەكىلدىكى
ھەمكارلىق ۋە بىرلەشمىلەرنى را-
ۋاجلاندۇرۇش، ئىلغار تېخنىكا ۋە
باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل
قىلىش لازىم». بۇ شىنجاڭنىڭ
ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇپ، قالاقلىق، نامراتلىقنى چۆ-
رۈپتاشلاپ، ئورتاق بېيىشنى
ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھاۋا بىلەن سۇ-
نىڭ مۇناسىۋىتىدەك زۆرۈرلۈككە
ئىگە. ج ك پ مەركىزىي كومى-
تېتى «شىنجاڭدا تەرەققىياتنى
تېزلىتىشنىڭ پايدىلىق شارائىتى
ھازىرلاندى» دەپ بېكىتتى. يۇ-
قىرىقىلار ھۆكۈمەت كۈچى، پەل-
سەپەدىكى تاشقى سەۋەب.

تاشقى سەۋەب ئىچكى سەۋەب
ئارقىلىق رول ئوينايدۇ ۋە رېئال-
لىققا ئايلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ
ئىچكى سەۋەبى زادى نېمە؟
«شىنجاڭدا تەرەققىياتنى تېزلە-
تىشنىڭ پايدىلىق شارائىتى ھا-
زىرلاندى». مۇشۇنىڭ ئۆزى ئىچ-
كى سەۋەب شۇنداقلا ئەڭ ئىلمىي
باھا، توغرا ھۆكۈم. شىنجاڭ ئا-
زاد بولغاندىن كېيىن بولۇپمۇ 3
- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن سانا-
ئەتتە يوق دېيەرلىك قالاق بو-
لۇش، مۇلازىمەت كەسپىدىن ئې-
غىز ئاچقىلى بولماسلىق ھالىتى-
نى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىدا
«سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن رايون»
دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. نۆۋەتتە
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
توغرا رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ
سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى
مۇقىم، مىللەتلەر ئىناق - ئىتتى-
پاق، جەمئىيەت ئامانلىقى تىنچ
بولۇشتەك ئىقتىسادنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى
يارىتىلدى. بۇ، كۈرەش ئارقىلىق
قولغا كەلگەن پۇرسەت. بۇ ياخشى
پۇرسەتنى كومپارتىيە ئەزالىرى،
ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر-
لار، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ-
رۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي
كومىتېتلىرى، ھەيئەت رىياسەت-
لىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋە-
كىللىرى، دۆلەت خىزمەتچىلىرى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق
ئاممىسى، كەڭ پۇقرالار مەيدانى-
مىز قەتئىي، بايرىقىمىز روشەن
ھالدا قوغدىشىمىز، كۆز قارىچۇ-
قىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشى-
مىز لازىم. بۇ شىنجاڭلىقلارنىڭ
قولىدىن كېلىدىغان، تامامەن يا-
رىتالايدىغان بەلكى تامامەن يارىتى-
شى زۆرۈر بولغان ئىچكى سە-
ۋەب. ئىچكى سەۋەب ياخشى بول-
سا، تۇخۇم سېسىق بولمىسا چۈجە
چىقىدۇ. ئەجرىمىز چېچەكلەپ
مېۋە بېرىدۇ. چەت ئەل كارخانى-
چىلىرى شىنجاڭغا مەبلەغ سالى-
دۇ. چەت ئەل سودىگەرلىرى
شىنجاڭدا سودا، ئېلىم - بېرىم

پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. دۆلەت
ئىچىدىن ئالغاندا دېڭىز بويى را-
يونلىرى، ئىقتىسادى تەرەققىي
قىلغان رايونلار شىنجاڭ بىلەن
ھەمكارلىشىدۇ، مەبلەغ سالىدۇ،
تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ، ئىختى-
ساسلىق خادىم چىقىرىدۇ. ئىچكى
سەۋەب ياخشى بولمىسا، ۋەزىيەت
چۇۋالچاق بولسا، ئىچكى ئۇيۇ-
شۇش ئۇرنىغا پاتىپاراق بولسا
ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-
تىن ئىبارەت ياخشى ئارزۇ سۇغا
چىلىشىپ «ئارزۇ پېتى» قېلىۋې-
رىدۇ. تۇرمۇش مەنتىقىسىدىن
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆۋ-
رۈك تۆشۈك بولسا ئۇنىڭدىن ئې-
شەكمۇ ئۆتمەيدۇ. يەر تەۋرەۋاتقان-
دا ئېتىلىۋاتقان تامنى توختىتىشقا
توغرا كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقان-
دا، كۆۋرۈكنى ياخشىلاشقا توغرا
كېلىدۇ. يەر تەۋرەش ئۆتۈپ كەت-
كەندىن كېيىن تام ئېتىشنى دا-
ۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.
شىنجاڭدا كۆۋرۈك تېشىۋات-
قان، سۇنئىي يەر تەۋرىتىۋاتقان
بىر ئۇچۇم دۈشمەن كۈچ بار. بۇ-
نىڭدا ئېتىراپ قىلىش ـ قىلماس-
لىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.
ئارىسالدى بولۇشقا تېخىمۇ ئورۇن
يوق. بۇ دۈشمەن كۈچ ـ مىللەت
بۆلگۈنچىسى دېيىلىدۇ. مىللەت
بۆلگۈنچىلىكى يېڭى ۋەزىيەتتىكى
سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىپادىلە-
نىش شەكلى بولۇپ، كىشىلەر-
نىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس.
«شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر
يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ»
بولغان «مىللەت بۆلگۈنچىلىكى ۋە
قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» دۆلەت-
كە، مىللەتكە زور بالايى ئاپەت
يەتكۈزىدۇ. ئىقتىسادنى تەرەققىي

قىلدۇرۇشنى چەكلەيدۇ، توسى-
دۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ گۈ-
زەل، بەختلىك تۇرمۇش يارىتى-
شىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.
كۆۋرۈك تېشىپ، سۇنئىي يەر
تەۋرىتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش
ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان مىل-
لەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈش ھو-
قۇقىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزنى نابۇت
قىلىدۇ.
ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى چوڭ ئائىلىسىدە
پەقەت كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىلا
گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇش يارى-
تالايدۇ. بۇ چوڭ ھەق مەسىلە-
سى. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان جى-
مى قاراش، «بىلىش» لەر، قىل-
مىش ـ ئەتمىشلەر چوڭ ناھەق
مەسىلىسى. چوڭ ناھەق ئالدىدا
قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشقا بولماي-
دۇ، يول قويۇشقا تېخىمۇ بولماي-
دۇ، قەتئىي قارشى تۇرۇش
لازىم. مىللەت بۆلگۈنچىلىرىنىڭ
يامان غەرىزىنى كەڭ خەلققە تەش-
ۋىق قىلىپ تونۇتۇش، جىنايى
قىلمىشلارنى پاكىتنى ئاساس قى-
لىپ قانۇن بويىچە قاتتىق جازا-
لاش ئارقىلىق خەلق دېموكراتىيە-
سى دىكتاتۇرىسىنىڭ قۇدرەتلىك
كۈچىنى نامايان قىلىش كېرەك.
بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ ئالىي مەنپەئىتى. «شىن-
جاڭدا مىللەت بۆلگۈنچىلىكىگە
قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاق
مۇددەتلىك، جاپالىق ۋەزىپە.» بۇ
كۈرەشتە ئالاقىدار تەرەپلەر ئۆز-
لىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ياخشى-
لاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇ-
رۇپ، خىزمەتلەرنى پائال ما-
لاشتۇرۇپ، مىللەت بۆلگۈنچىلى-
كىگە قارشى تۇرۇپ، ئىقتىسادنى

تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىن-
جاڭدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەقى-
قىي ئادا قىلىشى لازىم. ھەر دە-
رىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېت-
لىرى قانۇن چىقىرىش، قارار
قىلىش، نازارەت قىلىش ئۇستۇن-
لۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، سەپ-
نىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك.
بۇنىڭ ئۈچۈن:
1. ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي
كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك
يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى-
دۇر. بۇ ئاپپاراتلارنىڭ رەھبەر-
لىرى ئىلگىرىكى «توپ ئېلىپ
پارچە ساتارلار» دىن، يەنى: يۇ-
قىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى تاپشۇ-
رۇۋېلىپ تۆۋەندە ئۆز ئورنىنىڭ
ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىجرا
قىلغۇچىلاردىن ئۆزگىرىپ مۇقىم
ھالدا خەلققە ۋاكالىتەن ئۆز مەمۇ-
رىي رايونلىرىنىڭ ھاكىمىيەت
قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققى-
ياتى، سىياسىي مۇقىملىقى،
جەمئىيەت ئامانلىقى، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق چوڭ ـ
چوڭ ئىشلارنى قانۇن ئاساسىدا
كاپالەتلەندۈرۈش؛ مىللەت بۆل-
گۈنچىلىكىگە، قانۇنسىز دىنىي
ھەرىكەتلەرگە قانۇننى ئاساس قى-
لىپ قاتتىق زەربە بېرىش، ئا-
خىرقى ھېسابتا ئۇنى يوقىتىش
ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە
ئالغان. شۇڭا، قەتئىي تۈردە ئۆز
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، فۇنك-
سىيىسىنى ياخشىلاپ، قاراپ چى-
قىش، نازارەت قىلىش سۈپىتىنى
ئۆستۈرۈش لازىم. مۇھىمى
«ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبا-
رەت مەركەزنى قويۇۋەتمەي چىڭ

تۇتۇش»، نازارەتچىلىك ھوقۇقى-
نى يۈرگۈزگەندە ئىقتىسادىي قۇ-
رۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى تۇ-
تۇشنى دەۋر قىلىش، قارار، بې-
كىتمە چىقارغاندا ئىقتىسادىي قۇ-
رۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى
چىڭ ئىگىلەش، ۋەكىللەرنى
كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇر-
غاندا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن
ئىبارەت مەركەزنى گەۋدىلەندۇ-
رۇش، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئىق-
تىسادىي ئىسلاھاتلارنى پائال،
پۇختا ئىلگىرى سۈرۈشىگە ھەم-
دەم بولۇش ۋە نازارەتچىلىك قى-
لىش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا تېخىمۇ
ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا ھەم-
دەم بولۇش ۋە نازارەتچىلىك قى-
لىش كېرەك ... ھۆكۈمەت، ئىك-
كى مەھكىمە بىلەن بىرىكمە كۈچ
ھاسىل قىلىپ، «ئىقتىسادىي قۇ-
رۇلۇش مۇقامىنى ئوبدان تۇۋلاش
كېرەك.»① گەپنى يوشۇرماي ئې-
نىقراق دېگەندە خەلق قۇرۇلتىيى
خادىملىرى بۇرۇنقى «ئىمتىياز»
لىرى ھەققىدە ئويلانماي ئۆز مە-
مۇرىي رايونلىرىنىڭ چوڭ - چوڭ
ئىشلىرىغا باش قاتۇرۇشى لازىم.
مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قىبلىنا-
مىسى يەنى باش شۇجى جياڭ زې-
مىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كە-
چۈرگەندە قىلغان سۆزىنى ئۆگى-
نىشنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

2. مەيدانى قەتئىي، بايرىقى
روشەن ھالدا مىللەت بۆلگۈنچىلى-
رىگە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى
جەۋلان قىلدۇرۇش لازىم. قەرەل-
لىك يىغىن ئېچىپ خىزمەت دوك-
لاتى ئاڭلاپ قاراپ چىقىشتا ئۆز

مەمۇرىي رايونىنىڭ مۇقىملىقى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئى-
يەت ئامانلىقى قاتارلىق ئىشلارغا
ئوبدان قاراپ چىقىش، مىللەت
بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلىرىغا قار-
شى تۇرۇشتا تەدبىر كۈچلۈك بو-
لۇش، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھ-
كىمىنىڭ مىللەت بۆلگۈنچىلىك
قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش كۈرە-
شىدىكى ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە
ئوبيېكتىپ، ئادىل باھا بېرىپ،
نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ،
پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ فۇنك-
سىيىنى ئادا قىلىش كېرەك.
ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە بى-
لەن بولغان مۇناسىۋەتنى نازارەت
قىلىش، نازارەت قىلىنىش ئاس-
تىغا قويۇپ، ھاكىمىيەت، ئەدلى-
يە ئىشلىرىنى ياخشىلاش لازىم.
ئۈستىمىزدە پارتكوم بار، دەپ
كۆتۈپ تۇرۇش خەلق قۇرۇلتىيى
ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا
«ئاساسىي قانۇن»، «تەشكىلىي
قانۇن» يۈكلىگەن ھوقۇق - مەج-
بۇرىيەتلەرگە خىلاپ.

باش شۇجى جياڭ زېمىن:
«كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇ-
شىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ،
ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سۈ-
پىتىنى ئۆستۈرۈش» تەلىپىنى
قويدى. بۇ يەردە ئېيتىلغان سۈ-
پەت سۆزىنى ھەر دەرىجىلىك كا-
دىرلار ئەستايىدىل ئويلىنىشقا تې-
گىشلىك. يىغقاندا «سۈپەت» دې-
گىنىمىز: تەلەپ ھۆددىسىدىن
چىقىشنى، خىزمەتلەرنى ئىجادىي
قانات يايدۇرۇشىمىزنى كۆرسىتى-
دۇ. شىنجاڭدىكى ئاساسىي زىد-
دىيەت ئىقتىسادنى تەرەققىي قىل-
دۇرۇش، تاينىنىش نۇقتىمىز مۇ-
قىملىق، زەربە بېرىش ئوبيېكتى-

مىز مىللەت بۆلگۈنچىلىكى، زو-
راۋانلىق، تېررورلۇق، قانۇنسىز
دىنىي پائالىيەتتىن ئىبارەت. مۇ-
شۇ ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئال-
غان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار تى-
رىشىپ ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى ئۆس-
تۈرۈشكە تېگىشلىك. مەسىلە مۇ-
شۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلسا، سۈ-
پەت مەسىلىسىدە بىر تەرەپكە ئەھ-
مىيەت بېرىپ يەنە بىر تەرەپنى
سەل چاغلاشقا ھەتتا نادانلارچە پە-
كىر يۈرگۈزۈپ: «مىللەت بۆل-
گۈنچىلىكىگە قارشى تۇرسام،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمى-
يەت بەرسەم، زوراۋانلىققا، تېر-
رورلۇققا، قانۇنسىز دىنىي پائالى-
يەتلەرگە قارشى تۇرسام، ئالدى
بىلەن ئۆزۈم شۇنداق قىلسام سۈ-
پىتىم ئۆسكەن بولىدۇ» دەپ قا-
رىماسلىق كېرەك. ناۋادا شۇنداق
قارالسا باش شۇجى تەكىتلىگەن
«سۈپەت» ئۆلچىمىنى خۇنۇكلەش-
تۈرگەن، ھېچ بولمىغاندا بىر تە-
رەپلىمە چۈشەنگەن، روھىي ما-
ھىيىتىنى ئىگىلىيەلمىگەنلىك بو-
لىدۇ.

شىنجاڭدا ئىقتىسادنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش ئىشى دۆلىتىمىز
شۇغۇللىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ
تەلىپى. سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكى دېگىنىمىز، بايلىقنى
بازار ئارقىلىق تەقسىملەيدىغان قا-
نۇن- تەرتىپلىك ئىگىلىك. ئىق-
تىدارلىقلار روناق تاپىدىغان،
لاياقەتسىزلەر ۋەيران بولىدىغان
ھەقىقىي، ئادىل كۈرەك سەھنى-
سى. مۇشۇ ئوبيېكتىپلىق ھەر دە-

① «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئوبزورى. 98 - يىل 9 - سان. باش بەت.

رىجىلىك كادىرلارغا تىرىشىپ ئۆز سۆپىتىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىنى قويغان. باش شۇجى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا قويغان «سۆپەت» تەلىپى مۇشۇنداق كەڭ، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ ھەرگىز نوقۇل ھالدىكى «سىياسىي سۆپەت» ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئومۇميۈزلۈك سۆپەت مەسىلىسىدۇر.

ھەر قانداق دۆلەت ئۆز كادىرلىرىغا مۇئەييەن سۆپەت تەلىپى قويىدۇ ھەمدە سۆپەت تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنى تاللاپ ئىشقا قويىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ توپ كادىرلار سىياسىي ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىكلەر ئىچىدىن ئەلالىرىنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتىن ئىبارەت. بۇ تۈزۈم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ پۈتكۈل تۆۋەن باسقۇچىدا ئۆزگەرتىلمەيدۇ، بارغانسېرى مۇكەممەللىشىدۇ. ئۇنداقتا كادىرلار بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار سۆپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىدە نېمىلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟

1. ئېتىقادىنى چىڭىتىش. ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، ماركسىزملىق دىن قارىشى، ماركسىزملىق تارىخىي قاراش، ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، كومپارتىيىگە ئىشىنىش، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە شەرتسىز بويسۇنۇش، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلىرى يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىش، ئاممىۋى لۇشىيەندە مېڭىپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ، ئۆزىنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، دۆلەتكە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش، ئېلىۋالماي، يىۋالماي، چىرىكلەشمەي، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ئالدىدىمۇ، كەينىدىمۇ ئوخشاش بولۇپ، غەيرەت قىلماي، يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرمەي تۆۋەننى، قول ئاستىدىكىلەرنى بېسىپ، يۇقىرىغا قويرۇق شىپاڭلىتىپ، ئاكاڭلار يارايدۇ، ئۇكاڭلار يارىمايدۇ دېمەي پارتىيە، دۆلەت، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى، ئەۋزەل ئىش شارائىتىنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ئۆزگىلەر ئۈچۈن بېغىشلايدىغان مەڭگۈلۈك ئوبراز تىكلەش كېرەك.

2. پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن يېتەرلىك قوراللىنىش. ئۆزى قىلىۋاتقان ئىش - كەسپىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش، ئىلغار باشقۇرۇش كەسپىنى ئىگىلەش، توغرا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇچۇر ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، رىقابەت ئېڭى، بېسىپ چۈشۈش غەيرەت - شىجائىتى ھازىرلاش؛ ئۆزى مەسئۇل بولغان، باشقۇرغان تارماقتا تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك ئىز قالدۇرۇش، دۆلەتكە سادىق مەمۇرىي خادىم بولۇپ، گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق، دېمەتۋازلىق قىلماسلىق؛ قورقماسلىق، قورقۇتماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇرت زومىگەرلىرى، مەھەللە - كوچا زومىگەرلىرى، ئىدارە، ئورگان، كەسپىي، كارخانا، مەكتەپ زومىگەرلىرىگە تېگىشكە، ئۇ نېمىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ دۆلەت بەرگەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ ئامانلىقنى، ئۆگىنىش، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرتىپىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش.

يىغقاندا، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قىبلىنامىسى. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى يوقىتىش بۇيرۇقى، نامراتلىقنى توپ يىلتىزىدىن تۈگىتىشنىڭ چاقىرىقنامىسى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كادىرلىرىغا باھا بېرىدىغان باش مىزانى. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ دەستۇرى، ئىدىئولوگىيە، تەشۋىقات ساھەسىنىڭ قوللانمىسى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئويۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، مىللەت بۆلگۈنچىلىكىگە زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سېپىمىزنى مۇستەھكەملەپ، ئىچكى مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىن چەتنىمىسەكلا ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيمىز.

(ئاپتور بوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

● تۇرسۇن توختى ئاتاۋۇللا ●

دېڭ شياۋپىڭ زامانىمىزدىكى ئاتاغلىق ماركسىزمچى، ئۇنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى جۇڭخوا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ زور تەسىرگە ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىز ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپىسى پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىدە بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا سىستېمىلىق شەرھلەندى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى يېڭى سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ماركسىزم بىر يېرىم ئەسىرنى ئۆتكۈزدى. ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلقئارا سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئەگرى - توقايلىقلار ئىچىدە ئىلگىرىلەپ كۆپ قېتىملىق يۇقىرى بولغان ۋە تۆۋەن دولقۇننى بېشىدىن كەچۈردى. لېكىن، مەيلى يۇقىرى ياكى تۆۋەن دولقۇن بولسۇن، ھەممىسى ماركسىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ئەمەلىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان ماركسىزم ئۈچ قېتىملىق تارىخىي سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردى. لېنىن ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى روسىيىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ لېنىنىزمنى ياراتتى ھەمدە ئۇنى ئىنقىلابىي كۈرەشكە يېتەكچى قىلىپ، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش. ماۋزېدۇڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى. پارتىيىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتىلدى. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو خەلقى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە-

سىنى قولغا كەلتۈردى. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن بىز زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدۇق. سوتسىيالىزم ئىشلىرى قاتتىق سىناققا دۇچ كەلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقتى. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ تەدرىجىي ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. پارتىيىنىڭ 12 -، 13 - قۇرۇلتىيى بولۇپمۇ 14 - قۇرۇلتىيى ئاساسىدا، 15 - قۇرۇلتايدا تۈزىتىلگەن پارتىيە نىزامنامىسىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتىلدى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا بولۇشى ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى سەكرەش.

**2. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا بولۇشى بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى.**

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ دۇنيا سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدى. ھەر قايسى ئەل كوممۇنىستىك پارتىيىلىرى ئوڭۇشسىزلىقنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدەندى. 1958 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان 20 يىلدا ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى. بۇ خىل ئەھۋال بىزنى دۆلەت ئەھۋالى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى بولغان دېڭ شياۋپىڭ ئۆزۈل - كېسىل ماتېرىيالىزملىق روھ بىلەن تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، سەۋەنلىكلەرنىڭ تۈپ سەۋەبىنى تېپىپ چىقتى. دۆلەت ئەھۋالىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تونۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدەندى. دەۋرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ خەلقئارا مۇھىتىنى تەھلىل قىلدى. تارىخ بىلەن رېئاللىقنى، دەۋر بىلەن دۆلەت ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭدا بىر قاتار يېڭى ئىدىيىۋى كۆز قاراشلار بارلىققا كەلدى ھەمدە يېڭى نەزەرىيە شەكىللىنىشكە باشلىدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىدىكى سەۋەب كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ تۈپ سەۋەب ماركسىزم دېگەن نېمە؟ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ دېگەن مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدىن ئىبارەت. ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلىشتا قاتمال ئىدىيە ۋە دوگماتىزم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بوغۇۋالدى. ھەتتا ماركسىزمغا يات نەرسىلەر ماركسىزم دەپ قارالدى. سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇش جەھەتتە، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىدىن چەتنەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قارالدى. ئۇزاق مۇددەت «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا» قىلىنىپ، قاتمال تۈزۈلمە يولغا قويۇلدى. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاق ھالىتىگە سەل قارىلىپ، تارىخىي باسقۇچتىن ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتتىن ھالقىغان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر يولغا قويۇلدى. دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككى ئومۇمەن» گە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئە-

مەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى يېڭىۋاشتىن تىكلىدى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا بىر قاتار توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىشنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا مەركەز قىلىشقا، بېكىنمىچىلىكنى ئېچىۋېتىشكە، مۇتەئەسسىپ قائىدە - تۈزۈملەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىشقا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى.

3. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزمنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭمۇ جەۋھىرى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە جەھەتتىكى ئىجادىيىتى تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇشۇ ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن باشلانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، پارتىيىنىڭ ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى بىرلەشتۈرۈپ، دوگماتىزم بىلەن كونا ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئىنقىلابىي ئىجادكارلىق روھى بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئەمەلىيەت جەھەتتە، ھەقىقەت قارشى بىلەن قىممەت قارشىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئۈنۈملۈك ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىنلىدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ ماركسىزملىق نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى يول ئېچىشقا ئاساس سېلىندى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بارلىققا كەلدى. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك: «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى»①.

4. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىدىغان جەمئىيەت بولۇشى كېرەك. لېكىن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىدى. تۈزۈلمىنىڭ قاتماللىقى، ھاياتىي كۈچىنىڭ كەمچىللىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ جارى قىلىنىشىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغاندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ئىلمىي ھالدا تەھلىل قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھاتقا نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى كېيىنكى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىزچىللاشمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ يۈكسەك سىياسىي جاسارەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئىرادە باغلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، سوتسىيا-

لىزم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلمايدىغان، ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىلمايدىغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلمەيدىغان،
ئىقتىساد تەرەققىي قىلدۇرۇلمايدىغان، خەلقنىڭ
تۇرمۇشى ياخشىلانمايدىغان بولسا تۇگىشىدىغان
گەپ. . » ② 20 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نا-
هايىتى تېز بولدى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئۇز-
لۈكسىز ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆ-
رۈنەرلىك ئۆستى. بۇ جەرياندا، دېڭ شياۋپىڭ ئام-
مىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ،
ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئىلمىي هالدا خۇلاسىلەپ،
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش نەزەرىيىسىنى شەكىللەن-
دۈردى. ئىسلاھات سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ
پۈتۈن جەريانىدا ئىزچىللىشىپ سوتسىيالىزم تەرەق-
قىياتىنىڭ بىۋاسىتە هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە
ئايلاندى.

**5. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە سوت-
سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى-
نىڭ يېڭى نىشانى بېكىتىلدى.**

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۇل
ۋەزىپە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ماكرو-
لۇق لايىھىسىنى تۈزۈش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ
«ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش» تىن ئىبارەت ئىست-
راتېگىيىلىك نىشانىنى بەلگىلەپ بەردى. بىرىنچى
قەدەمدە 1980 ـ يىلدىن باشلاپ 10 يىل ۋاقىت
ئىچىدە خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي
قىممىتىنى بىر قاتلاپ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن
بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ئىككىنچى قەدەمدە يەنە
10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ
ئاخىرىغا بارغاندا خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش
ئومۇمىي قىممىتىنى يەنە بىر قاتلاش، خەلقنىڭ
تۇرمۇشىنى هاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش؛ ئۈچىن-
چى قەدەمدە، 21 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بار-
غاندا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە
يېتىشىۋېلىش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جە-
هەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىسترا-
تېگىيىلىك نىشان دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك
تەهلىل قىلىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ
قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەش ئاساسىدا بەلگىلەن-
گەن بولۇپ ئىلمىيلىككە ۋە يىراقنى كۆرەرلىككە
ئىگە. بۇ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى جۇڭگو خەل-
قىنىڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىر نەچچە يۈز
يىل سەرپ قىلىپ مېڭىش ئىرادىسىنى، زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى
ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ تەۋرەنمەس جاسارىتىنى ئىپا-
دىلەپ بېرىدۇ. هازىر بىرىنچى قەدەملىك نىشان
ئىشقا ئېشىپ بولدى. ئىككىنچى قەدەملىك نىشان
ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئۈچىنچى قەدەمدىكى
نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ناهايىتى مۇشكۇل. لې-
كىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى
ئارقىلىق بۇ نىشانىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرغىلى بو-
لىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە
ۋارىسلىق قىلىپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ «ئۈچ قەدەملىك»
ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى يەنە بىر قېتىم تەكىت-
لىدى ھەمدە «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە
ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى»، «سى-
ياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە دېموكراتىيە ـ قانۇن-
چىلىق قۇرۇلۇشى»، «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك
ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**6. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە سوت-
سىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈل-
مىسى ئورنىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.**

دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارا سوتسىيالىزم هەرىكى-
تىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر خۇلاسى-
لەپ، ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تۈزۈل-
مە مەسىلىسىدىكى «سول» چىل خاتا نۇقتىئىنە-
زەرنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سوتسىيا-
لىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ،
دېگەن ئىلمىي يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ
بىلەن ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى

يېڭى تۈزۈلمىسى تەدرىجىي ئورنىتىلىشقا ۋە راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغانىدى. بۇ خىل تۈزۈلمە ئەينى ۋاقىتتا مۇھىم رول ئوينىغان. لېكىن، ئېلىمىز ئىقتىسادىي كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كۈنسېرى مۇرەككەپلەشتى. بۇ خىل تۈزۈلمىدىكى خىلمۇخىل نۇقسانلار تەدرىجىي ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى خىلمۇخىل توغرا تەدبىرلەر «كاپىتالىزم» نىڭ دەپ تەنقىدلەندى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرۈش مەسىلىسى ئۇزاق مەزگىل ھەل بولمايلا قالماستىن، بەلكى كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىز ئەمەلىيەتتە پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ بۇرۇلۇش باشلىنىشى بىلەنلا پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمنىڭ، بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمنىڭ دېيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىدى. بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا دېڭ شياۋپىڭ 1979 - يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر نەچچە قېتىم «سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ» ③، «سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدا تۈپ زىددىيەت يوق» ④، «پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمغا باراۋەر ئەمەس، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ، بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ، پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاسىتە» ⑤ دەپ كۆرسەتتى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بىر قاتار ئىلمىي يەكۈنىگە ئاساسەن، پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە ھەل بولدى.

**7. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى ئاچتى.**

دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ھەر خىل زىددىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنى توغرا تەھلىل قىلدى ۋە ھەل قىلدى. تۇرغۇنلىغان زىددىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك. تەرەققىيات مەقسەت، ئىسلاھات ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، مۇقىملىق ئالدىنقى شەرت. ئۈچ تەرەپ زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ ئورگانىك بىرلىككە ئىگە. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا، دېڭ شياۋپىڭ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تەكىتلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەتنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈردى. ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «ئىككى قولدا تۇتۇش»، «ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىككى قولدا تۇتۇش» توغرىسىدىكى ئىدىيىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلمىي نەزەرىيىۋى يېتەكچى بىلەن تەمىنلىدى.

**8. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشنىڭ يېڭى يولى ئېچىلدى.**

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، تەيۋەن، ئاۋمېن، شياڭگاڭدىكى

قېرىنداشلار ۋە چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر كۈرەش نىشانى قىلىپ كەلدى. دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئارزۇسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىر دۆلەت ئىككى خىل تۈزۈم» دىن ئىبارەت يېڭى تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى، بىر جۇڭگو بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، دۆلەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇلىدۇ. شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئۇلار ئالاھىدە مەمۇرىي رايون قىلىنىپ ئەسلىدىكى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ساقلاپ قالىدۇ.

شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى «بىر دۆلەت ئىككى خىل تۈزۈم» تەسەۋۋۇرىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بىر دۆلەت ئىككى خىل تۈزۈم» تەسەۋۋۇرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، ئۇ ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، ھەم تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھۋالىنى تولۇق نەزەرگە ئالغان يۈكسەك جانلىقلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇر ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىمۇ بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتىنى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ بىرلىكسەپ توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

**9. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە دەۋرنىڭ ئاساسىي مەسىلىسى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا يېڭى ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويۇلدى.**

60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 70 - يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئېلىمىزنىڭ خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن «ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش» نى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغاچقا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ياخشى پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئالدى - كەينىدە، دېڭ شياۋپىڭ دۇنيانىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە بولۇپمۇ كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان پەن - تېخنىكىغا نەزەر تاشلاپ دەۋردىكى ئاساسىي مەسىلىنى قايتىدىن مۆلچەرلىدى ۋە ھۆكۈم قىلدى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلقئارادىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى ئۆزگىرىشكە مەركەزلەشكەنلىكىنى جانلىقلىق بىلەن تونۇۋېلىپ، ئۇزۇن مەزگىللىك تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى، ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولۇشى مۇمكىن، «تىنچلىق ۋە تەرەققىيات بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىككى ئاساسىي مەسىلە» دېگەن ئىلمىي يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە نۆۋەتتىكى دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ پەرقىنىڭ چوڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى بىرلىشىپ، ئادىل، مۇۋاپىق ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپنى ئورنىتىش ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىردى. ئۇ يەنە بۈگۈنكى دۇنيا ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا، جۇڭگو ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېندا ئۇزۇن مەزگىلگىچە چىڭ تۇرۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئەمەلىيەت دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھازىرقى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى ھۆكۈمىنىڭ ئىلمىي ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

**10. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.**

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ئاۋۋال سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش

كېرەك. ئېلىمىز ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقلارغا دۇچ
كېلىشى، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە
يولۇققان قىيىنچىلىقلىرى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغان-
دا بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشنىڭ مۇكەممەل بول-
ماسلىقىدىن كېلىپ چىققان. دېڭ شياۋپىڭ بۇ توپ
مەسىلىنى تۇتقا قىلىپ، سوتسىيالىزمغا بولغان
تونۇشنى تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇردى، ئىشلەپچە-
قىرىش كۈچلىرىدىن ئايرىلىپ ئابستراكت ھالدا
سوتسىيالىزمنى سۆزلەيدىغان، ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان، سوتسىيا-
لىزمنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە يات نەرسە-
لەرنى «سوتسىيالىزم پرىنسىپى» دەپ چىڭ ئېسە-
لىۋالىدىغان مۇتەئەسسىپلىكنى، سوتسىيالىزم شا-
رائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيا-
تىغا پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى «كاپىتالىزمنى
تىرىلدۈرگەنلىك» دەپ قارشى تۇرىدىغان تارىخىي
تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ ما-
ھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئىجادچانلىق بە-
لەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
«سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش،
ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش ۋە ئىككى قۇتۇپقا بۆ-
لۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىردا ئورتاق بېيىش مەق-
سىتىگە يېتىش.» ⑥ ئۇ يەنە ئېلىمىزنىڭ ئىسلا-
ھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى تەجرىبىلەرنى، باشقا
سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى
مەغلۇب بولۇشىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى خۇلا-
سىلەش ئاساسىدا، جۇڭگودەك ئىقتىساد، مەدەنى-
يىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيا-
لىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق
مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئائىت بىر قا-
تار ئاساسىي مەسىلىلەرگە بىر قەدەر سىستېمىلىق
جاۋاب بېرىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يو-
لى، تەرەققىيات باسقۇچى، توپ ۋەزىپىسى، ھەرى-
كەتلەندۈرگۈچ كۈچى، سىياسىي كاپالىتى، ئىستى-
راتېگىيىلىك قەدەم ـ باسقۇچى، پارتىيە رەھبەرلى-
كى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى قاتارلىق ئۆزئارا مۇناسى-
ۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى توپ نۇقتىئىنە-
زەرنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش نەزەرىيىسى يېڭى سىستېمىسىنى بەرپا
قىلدى.

دېمەك، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيا-
لىستىك زامانىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش
لايىھىلىگۈچىسى بولغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ تۆھپە-
سى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئىلمىي
ھالدا قوللانغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغانلىقىدا
ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ماركسىزمنىڭ ئا-
ساسىي قائىدىلىرىنى قوللىنىپ ئىسلاھات، ئېچە-
ۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئە-
مەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا مارك-
سىزمنى ئىجادچانلىق بىلەن راۋاجلاندۇرغانلىقىدا
ئىپادىلىنىدۇ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچە-
ۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى
دەۋرىدە ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىش-
قا ئاشۇرۇشتا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ
بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى 21 ـ ئەسىرنى نە-
شانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

---

ئىزاھلار:

① جياڭ زېمىننىڭ 15 ـ قۇرۇلتايدا بەرگەن
دوكلاتى، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى 97 ـ يىل 11-
سان 11 ـ بەت.

② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»
3- توم 769 ـ 771 ـ بەتلەر.

③④⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللان-
ما» 2 ـ توم 510 ـ بەت؛ 3 ـ توم 302، 777-
بەت

⑥ «دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممى-
سى» 32 ـ بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي-
قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى)

# پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

● ئابدۇكېرىم يۇسۇپ ●

ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېچىۋېتىلگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردىكى خىزمىتى قانۇنچىلىق ئىزىغا كىرگۈزۈلدى؛ ئۇزاق مۇددەت بوشاشماستىن قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەش ئارقىلىق ئېلىمىزدىكى كۆپ قىسىم پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى ۋە يېتىلدۈرۈلدى. ئۇلار جەمئىيەتتىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى قانۇن تىلى ئارقىلىق تەھلىل قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھەرىكىتىگە قانۇن بويىچە باھا بېرىدىغان، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى؛ لېكىن يەنە خېلى بىر قىسىم پۇقرالار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن سەۋىيىسى يەنىلا نىسبەتەن تۆۋەن بولۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا جياڭ زېمىن بۇ رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن «دوكلات» تا «قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك.» ① دەپ كۆرسەتتى. بۇ كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۆۋەتتە كەڭ پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم.

**1. پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار.**

1) تارىخىي سەۋەبى. تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا ھەر قانداق ئىدىيۋى نۇقتىئىنەزەرنىڭ تارىخىي مەنبەسى بولىدۇ. ئېلىمىز پۇقرالىرى قانۇن ئېڭىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ تارىخىي ئاساسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. ئېلىمىز 2000 يىلدىن ئارتۇق فېئوداللىق تۈزۈم تارىخىنى باشتىن كەچۈرگەن، ھەر قايسى سۇلالىلەر «ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» نى يولغا قويغان. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، دېموكراتىيە ئەنئەنىسى ئىنتايىن كەمچىل بولغانلىقتىن شۇنداقلا ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ھوقۇق يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا سەل قاراپ، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىرادىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە «قانۇن» نىڭ رولىنى ئويناپ، ھوقۇقنىڭ چوقۇنۇش ئەۋج ئالغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھوقۇق قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر ھازىرمۇ جەمئىيەتتە بەلگىلىك بازارغا ئىگە بولۇپ، پۇقرالارغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىلىرى بولسا: بەزى ھەر دەرىجىلىك قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي، ئەدلىيە خادىم-

لىرى «ئەمەلدارلىق ئورنى ئاساس» دەپ قاراپ، ئەمەلدارلىق هوقۇقى ئېلىپ كەلگەن سىياسىي، ماددىي نەپنى قوغلىشىپ، بۇ ئورۇن ۋە هوقۇقنى خەلق بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ، قانۇن - مىزانلارنى ئۆزىنىڭ هەرىكەت ئۆلچىمى قىلماستىن، رەهبەرلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزىنىڭ هەرىكەت مىزانى قىلىپ، قانۇن، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولماستىن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەهبەرلەر ئالدىدا جاۋابكار بولماقتا؛ هوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنى ئايرىۋېتىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى قانۇن بويىچە پۇقرالارنى ئىدارە قىلىش، قانۇن پۇقرالارنى باشقۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى، هوقۇق، نوپۇز قانۇندىن يۇقىرى تۇرىدۇ دەپ قاراپ، سۆزنى قانۇننىڭ ئورنىغا قويۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېتىقادىنى تىكلەش ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈشكە تەسىر كۆرسەتمەكتە؛ بەزى پۇقرالار ئۆزلىرىنى پەقەتلا قانۇن ئوبيېكتى دەپ قاراپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يۇۋاشلىق بىلەن قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش دەپ چۈشەنمەكتە؛ بەزى پۇقرالار «دەۋالىشىش نومۇس» ياكى «دەۋالىشىش مۇناسىۋەتلىشىشتۇر» دەپ قاراپ، قانۇنىي هوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغاندا غەيرىي قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق مەسىلىنى هەل قىلىشقا ئۇرۇنماقتا؛ كەڭ پۇقرالاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كونا جەمئىيەت قانۇنغا ئىشەنمەسلىك روهىي هالىتى، ئېلىمىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈشتىكى بىر مۇهىم سەۋەب بولۇپ، بۇ خىل روهىي هالەت نۆۋەتتە قانۇننىڭ رولىغا سەل قاراش، قانۇن تەشۋىقاتى ۋە قانۇن ئۆگىنىش كۆڭۈلدىكىدەك بولماسلىق، قانۇن ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقى ۋە قىزغىنلىقى تۆۋەن بولۇش قاتارلىقلاردا ئىپادىلەنمەكتە.

2) ماركسىزملىق قانۇن نەزەرىيىسى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ يېتەرسىزلىكى. ئىنقىلابىي ئۇستازلار ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىدە قانۇننىڭ ماهىيىتى ۋە رولى توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك ئويلارنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزملىق قانۇن ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، «ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» نى تەنقىد قىلىش ئاساسىدا «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى، بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» ②، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ماهىيىتى، رولى، قانۇن بىلەن دېموكراتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى، قانۇنچىلىق بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى قەدەم - باسقۇچلۇق، رەهبەرلىكى بولغان هالدا ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا نۇرغۇن ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پۇقرالارنىڭ بولۇپمۇ هەر دەرىجىلىك رەهبىرىي كادىرلارنىڭ ئېلىمىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ماركسىزم ئىلمىي نەزەرىيىسى ۋە تۈرلۈك قانۇن بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روهىي ماهىيىتىنى ئىگىلىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، پۇقرالاردا قانۇننى جازاغا تەڭ قىلىپ قويۇش، قانۇننىڭ رولىغا سەل قاراش، قانۇننىڭ جىنايى هەرىكەتلەرنى جازالاشتىن سىرت، ئىقتىسادىي، هەق تەلەپ، ئەمگەك، مەمۇرىي، كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى بىلمەسلىك هادىسىلىرى پەيدا بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا پايدىسىز تەسىر كۆرسەتمەكتە.

3) رېئال ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئامىلى. بازار ئىگىلىكى، دېموكراتىك سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. نۆۋەتتە ئېلىمىز بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، ئېلىمىز سىياسىي تۈزۈلمىسىدە يەنىلا بەزى ئىللەتلەر مەۋجۇت، دېموكراتىك سىياسىي مېخانىزمىنىڭ بەزى ساغلام بولمىغان جايلىرى بار، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەكشىسىز، پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئېهتىياجى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا بەلگىلىك پەرق بار.

بۇلار پۇقرالاردا بېقىندىلىق، تەبىقە سالاھىيىتى، ئىمتىياز ۋە ھوقۇقتا چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنغان جەمئىيەت پۇقرالىرىنىڭ ھازىرلىشى زۆرۈر بولغان، مۇكەممەللەشكەن، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، باراۋەرلىك، ئادىللىق، دېموكراتىيە ئېڭىنى كۈچەيتىشكە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

**2. پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى.**

قانۇن ئېڭى پۇقرالارنىڭ قانۇن ۋە قانۇن ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ئىدىيىسى، كۆز قارىشى، بىلىمى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پۇقرالارنىڭ قانۇنغا ئەھمىيەت بېرىش، ھۆرمەت قىلىش ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنلۇق مەمۇرىيەتنى يولغا قويۇش، قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئېڭىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ پۇقرالارنىڭ قانۇنغا بولغان چۈشەنچىسى، ھۆكۈمى، باھاسى، ئىنتىلىشى ۋە تەلىپىنى ئىپادىلەيدۇ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، ئەقلىيلىك، تەرتىپ قاتارلىق قانۇن جەۋھەرلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ روھىي ھالىتىگە سىڭدۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. قانۇن ئېڭى قانۇن تۈزۈش ۋە قانۇننى يولغا قويۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر خىل مۇقىم تەپەككۇر شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر.

1) پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. لېنىن كۆرسەتكەندەك «قانۇن بىر خىل سىياسىي تەدبىر، بىر خىل سىياسەت.» ③ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنى كومپارتىيە سىياسىتىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ۋە ماددىلاشتۇرۇلغان شەكلى بولۇپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشى، پارتىيىمىز ئىلگىرىكى سىياسەتكە تايىنىپ دۆلەت باشقۇرۇشتىن قانۇن - تۈزۈمگە تايىنىپ دۆلەت باشقۇرۇشقا بۇرالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشى قانۇن بويىچە تەڭشىلىدۇ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، كەڭ پۇقرالار بۇ خىل بۇرۇلۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن بويىچە دۆلەت، جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، قانۇندىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، قانۇن بويىچە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە باھا بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن پۇقرالاردا كۈچلۈك قانۇن ئېڭىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان زور مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2) پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقى، پۇقرالاردا مۇئەييەن قانۇن ئېڭىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق. كىشىلەردە توغرا قانۇن ئېڭى تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئاندىن قانۇننىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنى ۋە رولىغا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلالايدۇ ھەم قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە مۇقىملىقىغا قارىتا چوڭقۇر تونۇش شەكىللەندۈرەلەيدۇ؛ ياخشى قانۇننى ئۇنىڭ مەنىسى ۋە روھىنى توغرا چۈشىنەلەيدىغان، يۇقىرى قانۇن ئېڭى ۋە سۈپىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئىجرا قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ؛ ناۋادا بىر دۆ-

لەتتە پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى تۆۋەن بولسا، مۇقەررەر ھالدا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. ھوقۇقنى، سۆزنى قانۇننىڭ ئورنىغا قويىدىغان فېئوداللىق ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ قالدۇق تەسىرىنى يوقاتقىلى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى شۇ دۆلەتتە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بولۇپ، بۇ پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قانۇن تەرتىپىدە قانۇن يەنە ئادىللىقتىن ئىبارەت قىممەتنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل غايە، ئارزۇغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. پۇقرالاردا قانۇن ئېڭى تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئاندىن قانۇن ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قۇرۇلمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ تەركىبىي قىسمى قىلىپ قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، تايىنىدۇ ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ ھەم قانۇن بەلگىلىمىسى پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ قىممەت ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ، پۇقرالاردا ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاڭلىق ھالدا قانۇن بويىچە تەڭشەپ تۇرىدىغان، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چەكلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى قوغدايدىغان تەڭداشسىز كۈچ شەكىللىنىدۇ. ناۋادا كىشىلەردە قانۇن ئېڭى، ئورتاق قانۇن ئېتىقادى بولمىسا، قانۇن ھەر قانچە ياخشى قانۇن بولغان بىلەن، قانۇننى قانچە كۆپ تۇرغۇزغان بىلەنمۇ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشانى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇ پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3) پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ساغلاملاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. بازار ئىگىلىكى قانۇن ئىگىلىكى بولۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا قاتنىشىشنىڭ ھەممىسى بازار ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىقتىسادىي قانۇنلاردىن ئايرىلالمايدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى، قانۇن - تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، قانۇن ئېڭى ۋە بىلىمى ئاجىز پۇقرالار قانۇن ئىگىلىكى شارائىتىدا رىقابەتتە مەغلۇب بولىدۇ، قانۇن ئېڭى تۆۋەن كادىرلار ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

دېموكراتىيە قانۇنچىلىقنىڭ ئاساسى، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ گەۋدىلەندۈرىدىغىنى بىر خىل دېموكراتىك تۈزۈم. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك: «دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىق بۆلۈنمەستۇر.» ④ بىلىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ، كۆپ سانلىق كىشىلەر دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرغان، دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ، شۇڭا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا دېموكراتىيىنى ئاساس قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنغان دۆلەت ئالدى بىلەن دېموكراتىك دۆلەت بولۇش كېرەك. پۇقرالارنىڭ كەڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقتىن ئايرىلالمايدۇ. پەقەت ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلغاندىلا، ئاندىن خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئاساسەن دۆلەت باشقۇرۇش، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى نازارەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ قانداق بولۇشى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىيىنى تۈزۈمگە، قانۇنغا ئايلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**3. پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ تەدبىرلىرى.**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشنى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. ئېلىمىزدە پۈتۈن مەملىكەت پۇقرالارنى ھازىرقى زامان قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن سۈپىتىگە ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مەدەنىيەت مۇھىتىنى يارىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئىلمىي تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

1) قانۇن - تۈزۈمنى ساغلاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە ھوقۇقتا چەك قويۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ساغلاملاشتۇرۇش قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى يېڭىلاشنىڭ مۇھىم شەرتى بولۇپ، ئۇ پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى قانۇن تۇرغۇزۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، بازار ئىگىلىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماس بولغان، بىرلىك، پۈتۈنلۈك، ھەممىدىن يۇقىرىلىق، ئادىللىق، مۇقىملىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان شۇنداقلا تۈرى تولۇق، قۇرۇلمىسى پۇختا، ئىچكى ماسلىشىشچانلىققا ئىگە، تۈزۈلۈشى ئىلمىي بولغان مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

قانۇن خەلق ئىرادىسىنىڭ ئۇيۇتمىسى، شۇڭا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دەل خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەريانى ھوقۇقنىڭ ئايلىنىش جەريانى، شۇڭا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خەلقنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان قانۇن بويىچە ھوقۇقتا چەك قويۇش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، بىر جەمئىيەتنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقى ئاساسلىقى ھوقۇقنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ جازالىغان ياكى جازالىمىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك بولغان ھوقۇقتا چەك قويۇش مېخانىزمىنىڭ بولغانلىقىدا. بۇنىڭدىن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىر خىل پرىنسىپ، بىر خىل تۈزۈم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل تۈزۈلمە، بىر خىل مېخانىزم بولۇپ، قانۇنچىلىق ئەمەلىيىتىدە ئۈنۈملۈك بولغان ھوقۇقتا چەك قويۇش مېخانىزمىنى ۋە ئادىل، قاتتىق بولغان قانۇن تەرتىپىنى ئورنىتىپ، ئۇنىڭ پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە كۈچەيتىشتىكى غايەت زور تۈرتكىلىك رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېتىقادىنى تىكلەش، قانۇن ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئاساسىدا قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

2) بارلىق پۇقرالارنى قانۇن نەزەرىيىسى، قانۇن بىلىملىرى، قانۇن كەسپىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، قانۇن - تۈزۈم تەتقىقاتى تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئېلىمىز نۆۋەتتە پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكى باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، رىقابەت، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ، ئۇ دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە قانۇن ئېڭىنى يېڭىلاش، يېتىلدۈرۈش ۋە كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلماقتا. شۇڭا قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى تەتقىقاتى، غايە تەربىيىسى، دېموكراتىيە قانۇنچىلىق تەربىيىسى، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدا تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە بولغان ئائىلە، مەكتەپ ھەم تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت، كى-

ىتاب، ژۇرنال قاتارلىق ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىـ
لىرى شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ
تەشۋىقات - تەربىيە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانۇننى ئومۇملاشـ
تۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۈچلۈك
جامائەت پىكرى كۈچىنىڭ ئورتىكىسىدە، يۇقىرالار-
دىكى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا توسقۇنلۇق قىـ
لىدىغان ھەر خىل خاتا ئىدىيىلەرنى چىقىرىپ تاشـ
لاپ، ھوقۇق - مەجبۇرىيەت، ئەركىنلىك، بارا-
ۋەرلىك، قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىش، نازارەت-
چىلىك، ھوقۇقتا چەك قويۇش نۇقتىئىنەزەرلە-
رىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلاردا قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان قىممەت قارىشى،
تەپەككۇر ئۇسۇلى، ھەرىكەت ئەندىزىسى ھەمدە
ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاڭلىق تۈردە قانۇن ئۆل-
چەملىرى بىلەن چەكلەپ تۇرىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ
ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ
قوغدايدىغان تۇرمۇش ئادىتىنى قەدەممۇقەدەم يې-
تىلدۈرۈش ئاساسىدا دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك
«ھەممە ئادەم قانۇننى بىلىدىغان، بارغانسېرى
كۆپلىگەن كىشىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلمايلا قال-
ماستىن، بەلكى قانۇننى پائال قوغدايدىغان»⑤
قانۇنغا رىئايە قىلىشنى شەرەپ، قانۇنغا خىلاپلىق
قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى نومۇس دەپ قارايدى-
غان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، قا-
نۇن بويىچە ئىدارە قىلىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس ۋە قانۇن
مەدەنىيەت مۇھىتىنى يارىتىش لازىم.

3) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، قانۇننى
ئىجرا قىلغۇچى خادىملار قانۇن ئۆگىنىش، قانۇنغا
رىئايە قىلىش، قانۇننى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى كۈ-
چەيتىش كېرەك. بۇ يۇقىرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى
كۈچەيتىشنىڭ يادروسى. بىر دۆلەتنىڭ قانۇن -
تۈزۈم ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى رەھبەرلەرنىڭ ھو-
قۇق بىلەن قانۇن، بۇيرۇق بىلەن ئەمىر - پەرمان،
ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن قانۇن ئارقىـ
لىق ئىدارە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق تو-
نۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا باغلىق. نۆۋەتتە بەزى
رەھبەرلەردە قانۇنغا بولغان ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە
ئېنىق باھا كەمچىل، بۇ ئادەتتىكى ئاممىغا قارىتا
يامان تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇڭا ئالدى بىلەن
رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قانۇن ئۆ-
گىنىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى قوغداش
ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى، ھوقۇقنى قانۇننىڭ
ئورنىغا قويۇش، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇننى بېسىش
ھەرىكەتلىرى بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىپ، يۇقى-
رالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە ئۈلگىلىك
رول ئوينىشى كېرەك.

قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار قانۇننى
يۈرگۈزۈشكە بىۋاسىتە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ
قانۇن ئېڭىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى قانۇننىڭ
نوپۇزى ۋە ئەدلىيە ئادىللىقىغا بىۋاسىتە تەسىر
كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ
قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا ياكى قانۇننى ئىجرا قىلغۇ-
چى تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، قانۇننى ئىجرا
قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان-
لارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشمايدۇ.
دۆلەت قانۇنى ئىسمى بار جىسمى يوق نەرسىگە
ئايلىنىدۇ. شۇڭا قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار
قانۇن ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇن كەسپىي
بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قانۇن ئىجرا
قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۆز
ھوقۇقىنى قانۇن دائىرىسىدە يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن
يۇقىرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بو-
لۇشى كېرەك.

كەڭ ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭى پۈتكۈل دۆلەت
قانۇن ئېڭىنىڭ ئاساسى، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى
كۈچەيگەندىلا قانۇن - تۈزۈم كونكرېت قانۇن -

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم يىل، شۇنداقلا ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۈشكۈل بولىدىغان بىر يىل. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ۋە يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 15 - قۇرۇلتاينىڭ ۋە پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يۈنىلىشىدە قەتئىي تەۋرەنمەي، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشنى مۇھىم مەجبۇرىيەت دەپ بىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۆزىنىڭ توپ ۋەزىپىسى قىلىشى، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» نى ئۆلچەم قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋەكىللىك قىلىشى، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش قەدىمىنى زور كۈچ بىلەن تېزلىتىشى لازىم. قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، قانۇن چىقىرىش تەدبىرى بىلەن ئىسلاھات تەدبىرى، تەرەققىيات تەدبىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، يېڭى ئىگىلىكى ۋە يېڭى خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلامدا دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قوغداش، غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەش، خام چوت مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مائارىپ، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۇقىرىلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى قوغداش، ئەدلىيىنى ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى نىزاملارنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ تۈزۈش؛ نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نازارەتچىلىك تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قانۇن، نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىغا، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا قارىتا نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ، كونا ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۈنى قوللاش، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا پايدىلىق سىياسەت، تەدبىرلەرنى دادىللىق بىلەن قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشىنى ئىجادچانلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

نىشان بەلگىلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى بەلگىلىگەن يېتەكچى ئىدىيە، كۈرەش نىشانى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. جايلار بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، ئىگىلمەس ئىرادە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشى، جەڭگىۋار روھ ۋە ئۇلۇغۋار نەتىجىلەر بىلەن پارلاق 21 - ئەسىرگە قۇچاق ئېچىشى لازىم!

تۈزۈم ئەمەلىيىتىگە ئايلىنىپ، دۆلەتتە قانۇن بو-يىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغىلى بولىدۇ. شۇڭا يۇقىرىغا قارىتىلغان قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات - تەربىيىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كونا ئەنئەنىۋى نۇق-تىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىپ، ئاڭلىق ھالدا قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەيدىغان ۋە ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى يارىتىش كېرەك. بۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ۋەزىپىسى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتىدىن)

# پەرقلىق سان سايلىمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم

● ۋاڭ شىخۇ ●

نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، قانۇنلاردىكى پەرقلىق سان سايلىمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش زۆرۈر. 1979 - يىلدىن باشلاپ پەرقلىق سان سايلىمى تۈزۈمى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، بارغانسېرى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش جەريانىدا، كونا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بەزى چاغلاردا بەزى توسقۇنلۇقلارغىمۇ ئۇچراۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرقلىق سان سايلىمىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش ھېلىھەم زۆرۈر بولماقتا.

**1. پەرقلىق سان سايلىمىنى يولغا قويۇش پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى.**

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. پەرقلىق سان سايلىمىنى يولغا قويۇش سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1979 - يىلى سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇنغا يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. سايلام قانۇنىدا مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ۋەكىل سانىدىن كۆپ بولۇشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى ھەمدە پەرقلىق سان نىسبىتى كونكرېت بەلگىلەندى. سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلايدىغان ۋەكىللەرنىڭ نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ۋەكىل سانىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىدىن بىر ھەسسىگىچە كۆپ بولۇش (1986 - يىلى سايلاشقا تېگىشلىك ۋەكىل سانىدىن ئۈچتىن بىر قىسمىدىن بىر ھەسسىگىچە كۆپ بولۇشى كېرەك دەپ ئۆزگەرتىلدى)، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلايدىغان ۋەكىللەرنىڭ نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ۋەكىل سانىدىن بەشتىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغىچە كۆپ بولۇشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى. يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا، يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلايدىغان چاغدا، نامزاتلار سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن كۆپ بولۇشى كېرەك. ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزات سانى كۆپ بولۇپ كەتسە، تەييارلىق سايلىمى ئۆتكۈزۈپ، كۆپرەك ساندىكى كىشىلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، رەسمىي نامزات ئىسمىلىكىنى بېكىتسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1979 - يىلدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاشتا، بىردەك پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش چارىسى قوللىنىلدى. ئۇ چاغدا يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا يەرلىكتىكى رەھبىرىي خادىملارنى پەرقلىق سان بويىچە سايلاش نىسبىتى پرىنسىپال بەلگىلەنگەنلىكى،

بولۇپمۇ تەييارلىق سايلىمىدىن كېيىن يەنە چوقۇم
پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش كېرەكمۇ ـ يوق
دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىل-
مىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپلىگەن جايلاردا يەرلىك
رەھبىرىي خادىملارنى سايلاشتا، تەييارلىق سايلى-
مىدىن كېيىن كۆپىنچە تەڭ سان سايلىمى ئۆتكۈ-
زۈلۈپ، پەرقلىق سان سايلىمى ئومۇميۈزلۈك يول-
غا قويۇلمىغانىدى.

1986 ـ يىلى سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك تەش-
كىلىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، سايلام قا-
نۇنىدا پەرقلىق سان سايلىمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇ-
رۇش بەلگىلەنگەندىن تاشقىرى، يەرلىك تەشكىلىي
قانۇندىمۇ يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى رەھبە-
رىي خادىملارنى پەرقلىق سان بويىچە سايلاش توغ-
رىسىدا، مەسئۇل ۋەزىپىدىكى رەھبىرىي خادىملار-
نى سايلاشتا ئادەتتە بىر نامزاتنى ئارتۇق بېكىتىش،
ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزات پەقەت بىرلا بولسا،
تەڭ سان سايلىمى ئۆتكۈزسىمۇ بولىدۇ؛ مۇئاۋىن
ۋەزىپىدىكى رەھبىرىي خادىملارنىڭ نامزاتىساي-
لاشقا تېگىشلىك ساندىن بىردىن ئۈچ كىشىگىچە
كۆپ بولۇش، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى
نامزاتىنىڭ سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن ئون-
دىن بىر قىسمىدىن بەشتىن بىر قىسمىغىچە كۆپ
بولۇش، پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش كې-
رەك، دەپ ئېنىق، كونكرېت بەلگىلەندى. 1986
ـ يىلدىن بۇيان، يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى
رەھبىرىي خادىملارنى سايلاشتا قانۇندىكى مۇشۇ
بەلگىلىمىگە ئاساسلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك پەرقلىق
سان سايلىمى ئېلىپ بېرىش بىر مۇھىم ئىسلاھات
بولۇپ، كونا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارغا كۈچلۈك
زەربە بەردى. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىمۇ بۇ ئىسلا-
ھاتنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتى-
يىسىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى گەۋدىلەن-
دۈردى دەپ ھېسابلاپ قىزغىن قارشى ئالدى.

لېكىن، بۇ ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش جەريانى-
دا، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىق-
تى. بەزىلەر ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى
رەھبەرلىرىنى پەرقلىق سان سايلىمى ئارقىلىق
سايلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇ-
ئاۋىن ۋەزىپىدىكى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى
مەسئۇل ۋەزىپىدىكى رەھبەر كۆرسىتىپ، خ ق
دائىمىي كومىتېتى قارار قىلىش چارىسىنى يولغا
قويۇشنى تەكلىپ قىلدى. 1995 ـ يىلى سايلام
قانۇنى بىلەن يەرلىك تەشكىلىي قانۇنغا تۈزىتىش
كىرگۈزۈلگەن چاغدا، ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن ۋەزى-
پىدىكى رەھبەرلىرىنى پەرقلىق سان بويىچە سايلا-
ش بەلگىلىمىسىنى مەسئۇل ۋەزىپىدىكى رەھبەر
مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ ئىسمىلىكىنى كۆرسى-
تىش، خ ق دائىمىي كومىتېتى قارار قىلىشقا
ئۆزگەرتىشى كېرەكمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلە ئوتتۇ-
رىغا قويۇلدى. ئەينى چاغدا، ھەر قايسى تەرەپلەر-
نىڭ پىكرىنى ئېلىش ئارقىلىق، پەرقلىق سان ساي-
لىمى پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەك،
سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشى-
دا داۋاملىق ئالغا بېسىش لازىمكى، ھەرگىز ئارقى-
غا چېكىنىشكە بولمايدۇ، دەپ ھېسابلاندى. پەرق-
لىق سان سايلىمىنى يولغا قويۇشتا داۋاملىق چىڭ
تۇرۇش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشقا، سايلىغۇچىلارنى دېموكراتىك ھوقۇ-
قىنى تېخىمۇ ياخشى يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئى-
گە قىلىشقا، ئوخشاش بولمىغان نامزاتلار ئارىسى-
دىن ياراملىق نامزاتلارنى سايلاپ چىقىشقا پايدى-
لىق. پەرقلىق سان سايلىمىدا سايلىنالماي قېلىش
مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت بولغانلىقتىن، سايلام ئار-
قىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ
تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، سايلى-
غۇچىلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى، خىزمەت داۋا-
مىدا ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا تۈرتكە بولى-
دۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ. پەرقلىق سان سايلىمى-
نىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئويلىنىپ،
1995 ـ يىلى سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي
قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، يەنىلا پەرقلىق
سان سايلىمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى ھەمدە
پەرقلىق سان سايلىمىنىڭ كونكرېت تۈزۈمى يەنىمۇ
مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پەرقلىق سان سايلىمىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇلدى ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىيسىنىڭ تەرەققىياتىنى گەۋدىلەندۈردى. بىز پەرقلىق سان سايلىمىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇ پرىنسىپنى ئەستايىدىل يولغا قويۇشىمىز كېرەك.

**2. پەرقلىق سان سايلىمىدا چىڭ تۇرۇشتا قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش لازىم.**

سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا پەرقلىق سان سايلىمى توغرىسىدا ئېنىق، كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. پەرقلىق سان سايلىمىدا چىڭ تۇرۇشتا، قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش لازىم.

بىرىنچى، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ نامزات كۆرسىتىش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش كېرەك. سايلام قانۇنىدا، ھەر قايسى پارتىيىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋەكىل نامزاتلىرىنى بىرلىشىپ ياكى ئۆز ئالدىغا كۆرسەتسە بولىدۇ، ۋەكىل نامزاتلىرىنى سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەردىن ئوندىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ كۆرسەتسىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ نامزاتلىرىنى ھەيئەت رىياسەتى مەلۇم ساندىكى ۋەكىللەر بىرلىشىپ كۆرسىتىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەرنىڭ بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىشى قانۇن سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەرگە ئاتا قىلغان بىر دېموكراتىك ھوقۇقتۇر. سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر قانۇن بويىچە بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزاتلار بىلەن ھەر قايسى پارتىيىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى ياكى ھەيئەت رىياسەتى قانۇن بويىچە كۆرسەتكەن نامزاتلارنىڭ قانۇنىي ئورنى باراۋەر بولۇپ، ھەممىسى ئوخشاشلا نامزات ئىسملىكىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتسە، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسلىنىپ، ياكى تەييارلىق سايلىمى ئۆتكۈزۈپ، رەسمىي نامزات ئىسملىكىنى بەلگىلەش كېرەك. پەقەت ئاز ساندىكى بىر قانچە ئادەمنىڭ سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر كۆرسەتكەن نامزاتلارنى نامزاتلار ئىسملىكىدىن چىقىرىۋېتىشنى قارار قىلىشىغا بولمايدۇ. ۋەكىللەرنىڭ بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىشتىن ئىبارەت دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا «ئوخشاش بولمىغان سايلام رايونى ياكى سايلىغۇچى ئورۇندىن سايلانغان ۋەكىللەر نامزاتلارنى غولغۇلا قىلسا، بىرلىشىپ كۆرسەتسە بولىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئىلگىرى بەزى جايلاردا ۋەكىللەرنىڭ ئۆمەك ئاتلاپ نامزاتلارنى غولغۇلا قىلىشىنى ۋە نامزات كۆرسىتىشىنى «تەشكىلسىز ھەرىكەت قىلغانلىق» دەپ قاراپ ئەيىبلىگەن ۋە چەكلىگەن. بۇنداق قىلىش ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا يەنە «ھەيئەت رىياسەت كۆرسەتكەن نامزات سانىمۇ، ھەر بىر ۋەكىل باشقا ۋەكىللەر بىلەن بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزات سانىمۇ سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەندى. ھەيئەت رىياسەت كۆرسەتكەن نامزاتلار سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن، پەرقلىق سان سايلىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋەكىللەر بىرلىشىپ باشقا نامزاتلارنى كۆرسىتىشى شەرت. شۇڭلاشقا، مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ۋەكىللەرنى بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىشكە يېتەكلەش سايلام خىزمىتىدە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر بولغان ھالقىدۇر. پەرقلىق سان سايلىمى ۋە سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەرنىڭ بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، سايلىغۇچىلار ۋە ۋە-

كىشىلەرنى نامزات كۆرسىتىش ھوقۇقىنى تولۇق
يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.
بۇنداق قىلىش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە
ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئىككىنچى، نامزاتلارنى تونۇشتۇرۇش خىز-
مىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش، نامزات تو-
نۇشتۇرۇش جەريانىدا، دېموكراتىيىنى تولۇق جا-
رى قىلدۇرۇش كېرەك. سايلام خىزمىتىدە شە-
كىلۋازلىق، رەسمىيەتچىلىك قىلماسلىق ئۈچۈن،
سايلىغۇچىلارنى ئىمكانقەدەر نامزاتلارنى كۆپرەك
چۈشىنىش، سايلىغۇچىلار بېلەت تاشلايدىغان چاغدا
قارىغۇلارچە بەلگە قويماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئى-
رادىسى بويىچە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش
كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى نۆۋەت ئالماش-
تۇرۇش سايلىمى ئارقىلىق، جايلار بۇ جەھەتتە
كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنى توپلىدى. سايلىغۇچىلارغا
ئادەتتىكىدەك تونۇشتۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە نام-
زاتلارنى سايلىغۇچىلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇش،
نامزاتلارنى سايلىغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان سوئال-
لارغا جاۋاب بېرىشكە تەشكىللەشكىمۇ بولىدۇ.
نامزاتلار سايلىغۇچىلار بىلەن يۈزتۇرانە تورۇپ پى-
كىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، سايلىغۇچىلارنى
نامزاتلارغا نىسبەتەن كۆپرەك چۈشەنچىگە ئىگە
قىلغىلى بولىدۇ. پەرقلىق سان سايلىمى رىقابەت
مېخانىزمىنى سايلام خىزمىتىگە ئېلىپ كىرىپ،
ھەر بىر نامزاتنى سايلىغۇچىلارنىڭ تاللىشىغا يۈز-
لەندۈرىدۇ. نامزاتلارنى بىر قەدەر تولۇق، ئومۇم-
يۈزلۈك تونۇشتۇرغاندا، سايلىغۇچىلار نامزاتلار-
نىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق چۈشىنىدۇ. بۇنداق قىل-
غاندا نامزاتلار ئارىسىدىن ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى
تاللاشقا پايدىلىق بولىدۇ. سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك
تەشكىلىي قانۇندا سايلام ۋاقتى جەھەتتە مۇئەييەن
تەلەپ بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، بىۋاسىتە سايلام
ئېلىپ بېرىشتا سايلام كۈنىدىن 15 كۈن بۇرۇن
دەسلەپكى نامزاتلارنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قى-
لىش، سايلام كۈنىدىن بەش كۈن بۇرۇن رەسمىي
نامزاتلارنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلىش، خەلق
قۇرۇلتىيىدا سايلام ئۆتكۈزۈشتە نامزاتلارنىڭ ئى-
سىملىكىنى كۆرسىتىش ۋە غولغۇلا قىلىش ۋاقتى
ئىككى كۈندىن كەم بولماسلىق تەلەپ قىلىنغان.
بۇ ۋاقىت جەھەتتىكى تەلەپلەر نامزاتلارنى تونۇشتۇ-
رۇشقا يېتەرلىك ۋاقىت بولۇشنى كۆزدە تۇتقان
بولۇپ، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنى نامزاتلارغا
نىسبەتەن كۆپرەك چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، دې-
موكراتىك سايلام ھوقۇقىنى تېخىمۇ ياخشى يۈرگۈ-
زۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، مەسئۇل ۋەزىپىدىكى ۋە مۇئاۋىن
ۋەزىپىدىكى رەھبىري خادىملارنىڭ پەرقلىق سان
سايلىمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى توغرا چۈ-
شىنىش ۋە توغرا ئىجرا قىلىش كېرەك. يەرلىك
تەشكىلىي قانۇندا خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇ-
دىرى، باش كاتىپى، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇل-
تىيىنىڭ رەئىسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇل
ۋەزىپىدىكى رەھبىرى، خەلق سوت مەھكىمىسى-
نىڭ باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش
تەپتىشىنىڭ نامزات سانىدا ئادەتتە بىر نەپەر كىشى-
نى ئارتۇق بېكىتىپ، پەرقلىق سان سايلىمى ئۆت-
كۈزۈش لازىم؛ ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزات پەقەت
بىرلا بولسا، تەڭ سان سايلىمى ئۆتكۈزىسىمۇ بولى-
دۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك تەشكىلىي قانۇن-
نىڭ يۇقىرىقى بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، مەس-
ئۇل ۋەزىپىدىكى رەھبەرلەر ئومۇمەن پەرقلىق سان
بويىچە سايلىنىدۇ. ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزات
پەقەت بىرلا كىشى بولسا، تەڭ سان بويىچە سايلى-
نىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بەزى جايلاردا يەرلىك
تەشكىلىي قانۇننىڭ يۇقىرىقى بەلگىلىمىسىگە قارى-
تا بىر خىل خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ، مەسئۇل
ۋەزىپىدىكى رەھبەرلەرنى سايلاشتا ئومۇمەن تەڭ
سان سايلىمى يولغا قويۇلىدۇ، دەپ قارىغان. ھەتتا
ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇل ۋەزىپىدىكى رەھبەرلەرنىڭ
نامزاتىنى كۆرسىتىشىنى قولىدىن كېلىشىچە باس-
قان. بۇنداق خاتا چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش
لازىم. يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ مەسئۇل ۋەزى-
پىدىكى رەھبەرلەرنى سايلاش توغرىسىدىكى بەلگى-
لىمىسىدە پەرقلىق سان سايلىمى ئومۇمىي پرىن-
سىپتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىز-
نىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا،
ھەيئەت رىياسەت مەسئۇل ۋەزىپىدىكى رەھبەرلەر-

نىڭ نامزات ئىسمىلىكىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، نامزات ئىسمىلىكى ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقتىن، ۋەكىللەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، ۋەكىللەر ئۇنىڭدىن باشقا نامزاتنى كۆرسەتمىگەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تەڭ سان سايلىمى ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ. مۇبادا ۋەكىللەر قانۇن بويىچە مەسئۇل ۋەزىپىدىكى رەھبەرلەرنىڭ نامزات ئىسمىلىكىنى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويسا، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش كېرەك. يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بۇ بەلگىلىمىدە ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلگەن. جۈملىدىن ئۇنى ھەقىقىي يوسۇندا يولغا قويۇشقا بولىدۇ.

مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى رەھبەرلەرنىڭ سايلىمى توغرىسىدا، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى رەھبىرىي خادىملارنىڭ نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن بىردىن ئۈچ كىشىگىچە كۆپ بولۇشى كېرەك. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلاشقا تېگىشلىك سانغا ئاساسەن سايلام چارىسىدە كونكرېت پەرقلىق سانىنى بېكىتىپ، پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش لازىم. ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزات سانى سايلام چارىسىدە بېكىتىلگەن پەرقلىق ساندىن ئېشىپ كەتسە ئۇنى ھەيئەت رىياسەت ۋەكىللەرنىڭ كېڭىشىشى، مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنغاندىن كېيىن، تەييارلىق سايلام ئېلىپ بېرىپ، تەييارلىق سايلامدا ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك تەرتىپىگە ئاساسەن، سايلام چارىسىدە بېكىتىلگەن پەرقلىق سان بويىچە رەسمىي نامزات ئىسمىلىكىنى بېكىتىپ سايلام ئۆتكۈزۈش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. جايلار سايلام ئۆتكۈزگەن چاغدا، چوقۇم خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلام چارىسىنى ياخشى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان بىر نەپەردىن ئۈچ نەپەرگىچە بولۇپ، كونكرېت ئىجرا قىلىدىغان چاغدا، سايلاشقا تېگىشلىك سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلام چارىسىدە كونكرېت بەلگىلەش كېرەك. مەسىلەن، سايلاشقا تېگىشلىك سان ئىككى بولسا، پەرقلىق سانغا بىر كىشىنى بېكىتسە بولىدۇ؛ ئەگەر سايلاشقا تېگىشلىك سان تۆت بولسا، پەرقلىق سانغا ئىككى كىشىنى بېكىتسە بولىدۇ. ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزاتلار سانى كۆپ بولۇپ كەتسە، تەييارلىق سايلام ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئاز ساندىكى بىر قانچە كىشىنىڭ ئۆزى بىلگەنچە قايسىبىر نامزاتنى چىقىرىۋېتىشىگە بولمايدۇ. تەييارلىق سايلىمىدىن كېيىن، يەنىلا قانۇن بويىچە پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش لازىم.

ئۆتكەن يىلى مەركەز دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلەتى بەرپا قىلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو ھالدا: «سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش — يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم فاڭجېنى» دەپ كۆرسەتتى. دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. سايلام خىزمىتى داۋامىدا، سايلامغا ئائىت قانۇنلارنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. بولۇپمۇ سايلام خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش نۇقتىئىنەزەرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى لازىم. پەرقلىق سان سايلىمى سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ بىر مۇھىم بەلگىلىمىسى. سايلام خىزمىتى داۋامىدا جەزمەن قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، پەرقلىق سان سايلىمى پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نەشر
قىلغان «خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋەرلىرى»
ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىل 17 ـ سانىدىن
ئابلەت ھاجى تەرجىمىسى

# مالنى قايتۇرغاندا ئۇنىڭ ئامورتىزاتسىيىسىنى قانداق ھېسابلاش كېرەك

يولداش مۇھەررىر:

مەن ئۆتكەن يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بىر ماگىزىندىن 6000 يۈەنگە بىر رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋالغانىدىم. بۇ يىلنىڭ بېشىدا بۇ تېلېۋىزوردا نۇرغۇن كاشىلا چىقىپ نورمال كۆرگىلى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ساتقۇچى بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ماڭا يېڭى تېلېۋىزور ئالماشتۇرۇپ بەردى. ئويلىمىغان يەردىن بىر نەچچە كۈن كۆرۈپلا بۇ تېلېۋۇرنىڭ ئاۋازى چىقىپ سۈرىتى چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ساتقۇچىنى ئىزدەپ ئەھۋالنى ئېيتسام، بۇ ماگىزىننىڭ مەسئۇلى ئوخشاش تىپتىكى ئوخشاش ئۆلچەملىك يېڭى رەڭلىك تېلېۋىزوردىن يەنە بىرنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن مالنى (تېلېۋىزورنى) قايتۇرۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمدا، ئۇ مال قايتۇرساڭ بولىدۇ، لېكىن ئۆتكەن يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋالغان كۈندىن باشلاپ، بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە بۇ رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ ئامورتىزاتسىيىسىنى ھېسابلاپ ئالىمىز، كۈنلۈك ئامورتىزاتسىيە نىسبىتى %1. 0، جەمئىي 1566 % =1. 0 × 6000 يۈەن × 261 كۈن بولىدۇ، دېدى. بۇنداق ھېسابلاش توغرىمۇ؟

**مۇشتەرى: جاڭ خەي**

يولداش جاڭ خەي:

مال قايتۇرغاندا ئامورتىزاتسىيىنى ھېسابلاش مەسىلىسىدە، «بىر قىسىم تاۋارلارنى رېمونت قىلىش، ئالماشتۇرۇش، قايتۇرۇش مەسئۇلىيەت بەلگىلىمىسى» نىڭ 13 ـ ماددىسىدا: «ئۈچىنى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتى ئىچىدە، مال قايتۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ساتقۇچىدا ئوخشاش تىپتىكى، ئوخشاش ئۆلچەمدىكى مال بولمىغانلىقتىن، ئىستېمالچى باشقا تىپتىكى، باشقا ئۆلچەمدىكى مالغا ئالماشتۇرۇشقا قوشۇلماي مال قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ساتقۇچى مالنى قايتۇرۇۋېلىشى لازىم؛ ساتقۇچىدا ئوخشاش تىپتىكى، ئوخشاش ئۆلچەمدىكى مال بولۇپ، ئىستېمالچى ئالماشتۇرۇشقا قوشۇلماي مالنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ساتقۇچى مالنى قايتۇرۇۋېلىشى لازىم، ئىشلىتىلگەن تاۋارلارغا قارىتا مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئامورتىزاتسىيە ھەققى ئالىدۇ. ئامورتىزاتسىيە ھەققى تالون كەسكەن كۈندىن باشلاپ مال قايتۇرغان كۈنگىچە ھېسابلىنىدۇ، رېمونت قىلىشقا كەتكەن ۋە رېمونت قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ۋاقىت بۇنىڭ سىرتىدا» دەپ بەلگىلەنگەن.

مۇشۇ ھۆججەتنىڭ 14 ـ ماددىسىدا يەنە: «مال ئالماشتۇرغاندىن كېيىنكى ئۈچىنى ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتى مال ئالماشتۇرغان كۈندىن باشلاپ يېڭىۋاشتىن ھېسابلىنىدۇ. ساتقۇچى تالوننىڭ كەينىگە ئالماشتۇرۇش تامغىسى ئۇرۇپ يېڭى ئۈچىنى ھۆددىگە ئېلىش دوكۇمېنتىنىڭ كەينىگە ئالماشتۇرۇش تامغىسى ئۇرۇپ بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، مال ئالماشتۇرغاندىن كېيىنكى «تالون كەسكەن كۈن» مال ئالماشتۇرغاندا تالون كەينىگە ئالماشتۇرۇش تامغىسى ئۇرۇلغان كۈننى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۆتكەن يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بىرىنچى قېتىم سېتىۋالغان كۈننى ئەمەس بەلكى بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈننى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئامورتىزاتسىيە ھەققى بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە 11 كۈن ھېسابلىنىدۇ.

بەلگىلىمە بويىچە رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ ئامورتىزاتسىيە نىسبىتى %1. 0 بولۇپ، ئامورتىزاتسىيە ھەققى 66 يۈەن % =1. 0 × 6000 يۈەن × 11 كۈن بولۇشى كېرەك. سىز مال قايتۇرغاندا 1566 يۈەن ئەمەس، بەلكى 66 يۈەن ئامورتىزاتسىيە ھەققى تۆلەپ قېلىنىشى كېرەك.

سىز قانۇن بويىچە ساتقۇچى بىلەن ئارتۇق تۆلەۋالغان ئامورتىزاتسىيە ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشىڭىز كېرەك، ئەگەر مەسلىھەتتىن نەتىجە چىقمىسا ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە بېرىپ ئىلتىماس قىلىپ ئۆزىڭىزنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىڭىزنى قوغدىسىڭىز بولىدۇ.

«تەپتىش گېزىتىدىن» تۇرسۇن

ئابدىلىم تەرجىمىسى

# ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق

— باج قانۇنىنىڭ ياخشى ئىجراچىسى، يەككە تىجارەتچى نۇرنىسا پەخرىدىننى زىيارەت



باھارگۈل ساۋۇت

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ ئالىم دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ چىقتى. يەنى دەۋر ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشكە، ئۆزىنى بېيىتىشقا، تۆھپە قوشۇشقا بەل باغلىغان بىر قىسىم ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئەڭ ياخشى ئىمتىياز بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىشىغا، غەيرەت - شىجائىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا، تۆھپە قوشۇشقا زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بازار جەڭگاھتىن، تۇرمۇشتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپلىمىلىك تۇرسىمان ھايات مۇن-بىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، توغرا يولنى تاللىشىغا نىشان كۆرسىتىپ بەردى. گەرچە بۇنداقلارنىڭ سانى تېخى چەكلىك بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن بەلگىلىك ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئىشلىگەننىڭ ھەقىقەتەن چىشلەيدىغانلىقىنى، ئىجتىمائىيەتنىڭ رەھىمسىز بولۇپ ئۆز قانۇنىيىتىگە ماسلىشالايدىغانلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىپ ئۆز قانۇنىيىتىگە ماسلىشالمايدىغانلارنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئارزۇ بىلەن رېئاللىق بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدىغان ۋە بىر - بىرىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى شەرت قىلىدىغان تەتۈر تاناسىپلىق ھادىسە بولۇپ، ئارزۇ پەقەت رېئاللىق ئىچىدە ئەمەلگە ئاشقاندىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. لېكىن ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ - تىلەكمۇ بەزىدە ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئىنساننى كۈرەش قىلىشقا، ئىزدىنىشكە، ئىجاد قىلىشقا، ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئۇچىرىكىمىنىڭ باش قەھرىمانى نۇرنىسا پەخرىدىن ئەنە شۇنداق ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ھايات، تۇرمۇش تەرىپىدىن باشقىچە تاللاش ۋە تاللىنىشقا دۇچ كېلىپ بەلگىلىك نەتىجە ياراتقان 20 - ئەسىردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ۋەكىلىدۇر.

دولان دىيارىدا تۇغۇلغان نۇرنىسا ئۇششاق تەجارەتچى ئائىلىسىدە ياشاپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى نامرات يىللارنىڭ غېرىپلىقى ئىچىدە ئۆتتى. بىراق ناخشاخۇمار ئانىسىنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى ئۇنىڭ باللىق قەلبىگە سەنئەتنىڭ ئۇرۇقىنى بىخلىتىپ، ئۇنىڭ هاياتىنى يېڭىدىن بىر مەزمۇن بىلەن بېزىدى. ئۇ مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت كۆرۈرۈكلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن باشقىلارنى مەھلىيا قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتىنى سەھنىلەردە نامايان قىلغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرمەيلا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئونسۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. بىلىمگە بولغان ئىشتىياق، ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىنلىق ئۇنىڭ توختىماي ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولدى. ئۇ نەزەرىيىۋى بىلىمنى كېڭەيتىش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلدى.

بۇ ئوقۇش نۇرنىسانىڭ هايات تارىخىدا بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا ئۆز كەسپىنى سۆيىدىغان كەسپداش ئابدۇكېرىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئورتاق كەسپىي قىزىقىش، ئورتاق ئىزدىنىش ئۇلار ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا باغلاپ قويدى. كەسىپ، مۇھەببەت ئىچىدە قايسىسىنى تاللاش نۇرنىسا جىددىي هەل قىلمىسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى، لېكىن نۇرنىسا ئۆز كەسپىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى، مۇھەببەتنى بولسا قەدىرلەيتتى. ئاخىرى ئۇ بىرەر كەسپىي سەنئەت ئۆمىكىدىن خىزمەت تېپىش ئارزۇسى بىلەن ئۈرۈمچىدە قېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ مەيلى نەدىلا بولسىمۇ خەلقنىڭ سەنئەتكارى بولۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى، ساداسىنى ياڭراتسىلا بولىدۇغۇ!

بىراق، رېئاللىق رەھىمسىز. نۇرنىسا بىر قانچە ئۆمەككە بارغان بولسىمۇ شتات تولۇق دېگەن سۆز بىلەن ئۇنىڭ ئۆمەكتە خىزمەت تېپىش ئارزۇسى بەربات بولدى. ئۇ ئازابلاندى، قايغۇردى. ئۈمىدسىزلىك كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ، ئۇنىڭ روھىي بېسىمى بەكمۇ ئېغىرلاپ كەتتى. ئېنىقكى، ئۇ تۇرمۇشتا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن توي قىلالىغان بولسىمۇ، كەسپىي جەھەتتە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تاپالمىغانىدى. ئېرىنىڭ ئازغىنە مائاشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېھتىياجى كاپالەتكە ئىگە بولمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئويلىنا - ئويلىنا كاللىسىغا كەلگەن بىر ئەقىل بىلەن ئىش باشلىدى. بىرەر ئىش قىلىش كېرەكتە؟

ئۇ بىر توپ رەخت سېتىۋېلىپ رەختنى رەڭگى، سۈپىتى بويىچە ئۆزى لايىھىلەپ سەيپۇڭغا كىيىم بۇيرۇتتى. سەنئەتكارنىڭ كۆزىتىش، لايىھىلەش ئىقتىدارى بىلەن پۈتۈپ چىققان بۇ كىيىم ناھايىتى تېزلا بازار تاپتى. ئوڭۇشلۇق بېسىلغان بۇ دەسلەپكى قەدەم ئۇنىڭ ئۈمىد گۈلخانلىرىغا پىلىك بولۇپ ئۇنىڭ شىجائىتىنى ئاشۇردى. سەنئەتتىكى ئالاھىدىلىكنى سودىغا ئىشلەتسە نېمىشكە بولمايدىكەن؟ كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بازار رىقابىتى، كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇش ئېھتىياجى مۇشۇنداق يېڭىلىق ياراتقۇچىلارغا، گۈزەللىك ئىختىرا قىلغۇچىلارغا مۇھتاجغۇ؟ «ئۈجمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرغىچە ئىزدىنىش ئارقىلىق باشقىچە بىر يول بىلەنمۇ نەتىجە يارىتىش مۇمكىنغۇ؟

ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى. هايات هامان هالال ئەجىر قىلغۇچىلارغا، مېھنەت قىلغۇچىلارغا كۈلۈپ باقىدۇ. ھەقىقىي مېھنىتى بىلەن ياشىغۇچىلار ھېچقاچان قۇرۇق قول قالغان ئەمەس. هايات ئۇلارنى ئاجايىپ سوۋغىلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئۇلارغا نام - ئاتاق، شۆھرەت ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى مېھنەتنىڭ تېگى ئالتۇن. ئۇيقۇسىز تۈنلەر، توختىماي ئىزدىنىشلەر، ئىختىرا قىلىشلار ئۇنىڭ سودا دۇكىنىنى ئاۋاتلاشتۇردى. يېڭى تويى بولىد-

غان قىزلار نۇرنىسانىڭ دۇكىنىدىكى نەپىس توي
كىيىملىرى بىلەن بۇ بەختلىك كۈنتۈلماس مىنۇت-
لىرىنى ئۆتكۈزدى. نۇرنىسا بۇ بوشلۇقنى تولدۇ-
رۇش ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ توي كىيىم ئىجارىسى
تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ناھايىتى تېز بازار
تاپتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى سۈپىتى ياخشى، پاسونى
ئۆزگىچە، باھاسى مۇۋاپىق بولغاچقا سودىسى روناق
تاپتى. ئۇ ھەقىقىي بىر سەنئەتكارنىڭ تالانتىنى
سودا ساھەسىدە ئىشلىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.
تىجارەت ئۇرنىنىڭمۇ بىر سەھنە ئىكەنلىكىنى ئۆز
ئەمەلىيىتى بىلەن تونۇتتى. ئۇ دۆلەتكە 100 مىڭ
يۈەن باج تاپشۇردى. ئىشسىز قالغان ئىنىسى،
ھاممىسى ۋە سىڭلىسىغا دۇكان ئېچىپ بېرىپ،
ئۇلارغا تۇرمۇشتا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئۇ
يەنە ماڭارىپنى يۈكسەلدۈرۈش، مەجبۇرىي ماڭارىپ
قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇمچى
ناھىيىسىدىكى بىر نامرات ئوقۇغۇچىغا پۇل ۋە كې-
يىم - كېچەك ياردەم قىلدى. ئارمانلىرى چېچەك
ئاچقان بۇ دولان قىزى سودىدا روناق تېپىپلا قال-
ماستىن ئۆز كەسپىنىمۇ تاشلاپ قويمىدى. ئىككى
ئۇنئالغۇ لىنتىسى نەشىر قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ
قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئىتوتلارنى ئويناپ
ئالقىش سادالىرىغا ئىگە بولدى. مۇناسىۋەتلىك تار-
ماقلار ئورۇنلاشتۇرغان ھەر خىل كېچىلىكلەردە
مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىيلىكى ياخشى ناخشىلارنى
ئېيتىپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.
ئۆز ئارزۇسىنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن چې-
چەك ئاچقۇزغان نۇرنىسانىڭ ھازىر ئۈچ يەردە دۇ-
كىنى، 2 مىليون يۈەنلىك مەبلىغى بار. ئۇ تېخىمۇ
تىرىشىپ ئىشلىمەكتە، تېخىمۇ ئىزدەنمەكتە. مۇ-
قەددەس پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن نۇرنىسا دەۋر-
نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا تەييارلان-
ماقتا. مانا كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، دەۋر ئىختىرا
قىلغۇچىلار، ئىجاد قىلغۇچىلار، مېھنەت قىلغۇ-
چىلار بىلەن ئۇلۇغدۇر. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئىش-
لىگەن چىشلەيدۇ، مېھنەتنىڭ تېگى ئالتۇن.
— مەن سەنئەتنى سۆيىمەن، - دېدى ئۇ، -
مېنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىم دەسلەپتە
تۇرمۇش ئۈچۈنلا ئىدى. لېكىن كېيىنچە بۇ پىك-
رىمنىڭ بەكمۇ يۈزەكى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. سەن-
ئەت بىلەن تىجارەتنى بىرلەشتۈرسە نەتىجىسى ناھا-
يىتى ياخشى بولىدىكەن. مەن سەنئەتكە بولغان
قىزغىنلىقىمنى، سەنئەتكە بولغان سۆيگۈمنى تىجا-
رەت بىلەن چەمبەرچەس باغلىۋەتتىم. مەن سودا
ساھەسىدە ئىزدەندىم. ئىختىرا قىلدىم. شۇڭا مې-
نىڭ سودام راۋاج تاپتى. كىشىلەر مېنىڭ ماللى-
رىمنى ياقتۇرۇپ سېتىۋالدى. بۇمۇ ماڭا بىر مەن-
ۋى ئوزۇق. خېرىدار ھەر قېتىم مېنىڭ ماللىرىم-
نى سېتىۋېلىپ چېھرىدىن رازىلىق تۇيغۇسىنى ئى-
پادىلىسە، خۇددى سەھنىدە ئېيتقان ناخشامنىڭ
تاماشىبىنلار تەرىپىدىن ئالقىش سادالىرىغا ئىگە
بولغىنىدەك ھېسسىياتقا كېلىمەن. بۇ ھال مېنى
ھاياجانلاندۇرىدۇ. مېنىڭچە ھاياتنىڭ ھەر بىر قە-
دىمى ئىنسان ئۈچۈن سەھنە. غەلىبە قىلىش ياكى
مەغلۇپ بولۇش، نەتىجە يارىتىش ياكى يارىتالماس-
لىق تىرىشچانلىققا باغلىق ئىكەن. مېنىڭ نەتىجە-
لىرىم ئۆتمۈشنىڭ مەھسۇلى. يېڭىدىن يېڭى سەھ-
نىلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن تىرىشى-
مەن، توختىماي ئىزدىنىمەن، شۇ چاغدىلا، تۇر-
مۇش، ھايات ماڭا ئەڭ ياخشى سەھنىلەرنى بېرى-
دۇ.

بەرمىسە بىر راھىب ساڭا پاناھلىق،
يالۋۇرۇپ ئۇنىڭغا، بولمىغىن مالال.
تىرىشىپ ئىزدەنسەڭ ئېرىنمەي پەقەت،
ئەجرىڭدىن پۈتكەن بۇ رىسقىڭ بەك ھالال.



# بىزدىكى مەدەنىيەت ۋە رېستوران قىزغىنلىقى

● تۇرسۇن ياسىن ●

پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى-
گە ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ
بېرىش بىلەن بىرگە، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇ-
شىنىمۇ مۇھىم ئىش سۈپىتىدە ياخشى ۋە چىڭ
تۇتۇپ، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە زور بوشلۇق ھا-
سىل قىلىش ئۈچۈن «خان شەمشىرى» تۇتقۇزغانى-
دى. ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ تۈرتكىسىدە، كى-
شىلەرنىڭ ئېڭىدا، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئۇنۇمى
ۋە روھىي ھالىتىدە، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا، شۇنداق-
لا ئەدەپ ـ ئەخلاق، مۇھىت ئاسراش، قىياپەتنى
يېڭىلاش ئومۇمىيىتىدە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش
بارلىققا كەلدى. «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا
قول قاتتىق بولۇش» پرىنسىپى ئىجرا قىلىنىپ،
«ئىككى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىدا، بولۇپمۇ مەنى-
ۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا يېقىنقى تۆۋەنگىچە
كونكرېت يېتەكلەش ياخشى بولغانلىقتىن، چاقى-
رىقتىن مەزمۇنغا، كىچىك دائىرىدىن چوڭ كۆلەم-
گە ئەمەلىيلىشىش كونسېرى روشەن ئىپادىلەنمەك-
تە. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا باش
شۇجى جياڭ زېمىن: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك
مەدەنىيلىك پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەل-
قىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇ-
ھىم كۈچ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم
بەلگىسى» دەپ كۆرسەتتى. لېكىن، زور ئۆزگى-
رىش ۋە يۈكسىلىشلەر بولۇۋاتقان، مۇۋەپپەقىيەت-
لەر قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە يەنە

نۇرغۇن ئاجىز ھالقىلار پەيدا بولۇپ، كىشىنىڭ
كۆڭلىنى غەش قىلماقتا. كۆتۈپ تۇرۇش، «ئىك-
كى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىغا تەڭ كۆڭۈل بۆل-
مەسلىك، ئېغىزدا سۆزلەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە
قول تىقىپ ئىشلىمەسلىك، تاشلىۋېتىش ئەھۋاللى-
رى يەنىلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرماقتا. مەنىۋى تۇرمۇشىمىزغا بەكرەك زەن سې-
لىپ قارايدىغان بولساق، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرى-
دىغان ئىشلار خېلى بار. باشقىسىنى قويۇپ تۇراي-
لى، بىزدىكى «رېستوران قىزغىنلىقى» غا كەل-
سەك، بۇ تولىمۇ غەلىتە. شەھەر كوچىلىرى ۋە
ناھىيە بازارلىرىدا بىرنىنىڭ كەينىدىن بىرى قەد
كۆتۈرۈۋاتقان ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلار ئادەم
«دېڭىزى» غا، ئويۇن ـ تاماشا قاينىمىغا ئايلانماق-
تا. بىراق، كىتابخانىلار، كۆتۈبخانىلار، مەدەنى-
يەت يۇرتلىرى ۋە مەدەنىيەت پونكىتلىرى چۆلدە-
رەپ قالماقتا. ئېگىلىشىمىزچە، بىزنىڭ كىچىك-
كىنە ناھىيە بازىرىدا ھەر خىل رەڭ ۋە ھەر خىل
شەكىلدە بېزىلىپ، ئاجايىپ ناملار بىلەن ئاتالغان
رېستورانلاردىن يەتتىسى بار. بۇ يەر چۈشتىن كې-
يىن ئىنتايىن قايناپ كېتىدۇ، ئىشىك ئالدى ئا-
لىي دەرىجىلىك پىكاپ، موتسىكلىت، ۋېلسىپىتلەر
بىلەن تولىدۇ. رېستورانلارغا كىرگەنلەر پۇلنى
نوچىلىق بىلەن خەجلەپ، يەپ ـ ئىچىدۇ، ئىسراپ
قىلىدۇ، شىرە ئۈستىدە ئېشىپ قالغان ئالىي دەرى-
جىلىك، قىممەت باھالىق قورۇمىلار ۋە تاماقلار-
نىڭ تۆكۈۋېتىلىدىغانلىقىنى ئويلىسا، يىل بويى تى-
نىم تاپماي، ھارغان ـ چارچىغىنىنى بىلمەي، نان-
ئاش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان جاپاكەش دېھقانلار، ھەر
قايسى ساھەلەردە جاپالىق تەر تۆكۈپ، ئىقتىسادىي
قىممەت يارىتىۋاتقان كىشىلەر ئىختىيارسىز ئادەم-
نىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئەمما، «رېستوران
بايۋەچچىلىرى» بۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.
ئۇلار پەقەت ئاجايىپ ـ غارايىپ ناخشا ـ مۇزىكىلار-
دىن ھوزۇرلىنىش بىلەن بەنت. بۇ يەردە مەن
«رېستورانلارغا زادىلا بارماسلىق كېرەك» دېمەك-
چى ئەمەسمەن. بارساق، تۇرمۇشىمىزنى مەنى-

لىك، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسەك بولىدۇ، ھال - كۈنىمىزمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشىلاندى، تېخىمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — ھەممىمىز كۆزلەۋاتقان نىشان، لېكىن، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئويۇن - تاماشا، تانسا، ھاراق سورۇنلىرىغا بېشىمىزچە كىرىپ كېتىۋەرسەك بولمايدۇ. لېكىن، ھەممە كىشىنىڭ بۇ يولنى تاللىشى ناتايىن، بۇ يولنى تاللىغانلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى مەھكۇملۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمدى ناھىيىمىز بازىرىدىكى كۇتۇبخانىنىڭ ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، خەنزۇچە كۇتۇبخانىغا كىرىپ گېزىت - ژۇرنال كۆرىدىغان، كىتاب ئارىيەت ئالىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدىن 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە خەنزۇچە كۇتۇبخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئالغان كىشى 4210 ئادەم - قېتىمغا يەتكەن. ئۇيغۇرچە كۇتۇبخانىنىڭ ئەھۋالى تامامەن باشقىچە بولۇپ، يىل بېشىدىن 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاران 150 كىشى كىتاب ئارىيەت ئالغان، ھەر كۈنى كۇتۇبخانىغا كىرىپ گېزىت - ژۇرنال كۆرىدىغان كىشى سانى بەش - ئالتىدىن ئاشمايدۇ. 260 مىڭدىن كۆپرەك نوپۇسى بار، ئۇيغۇرلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان بىر ناھىيىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پەن - بىلىمگە ئىنتىلىشى مۇشۇنچىلىك. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا قۇرۇلغان 40 تىن ئارتۇق كىچىك قاۋاقخانىدا تاڭ سەھەردىن يېرىم كېچىگىچە ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، بۇ خېرىدارلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا ئۇيغۇرلارىدۇ.

يېقىندا بىر دوستۇم ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: دەم ئېلىشقا چىققان بىر پېشقەدەم كادىر ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ، بازار ئايلانغاچ ئارام ئالغىلى چىقىپتۇ. ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، رېستوراندىن بىرىگە كىرسە ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئولتۇرىدىغان جاي چىقماپتۇ، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار بولۇشىغا ئىچىۋاتقان، ئويناۋاتقان ... بۇ يەردىنمۇ زېرىكىپ، سىنئالغۇ قويۇش ئورنىغا بارسا، ئۇ يەردىمۇ ئولتۇرغۇدەك ئورۇن تاپالماپتۇ، ئاخىرى كۇتۇبخانىغا كىرىپتۇ، قارىسا بىرمۇ ئادەم يوق، باشقۇرغۇچى خادىم ئۆزى يالغۇز ئولتۇرغان. بۇ كىشى «ئادەم ئاز، جىمجىت جاي مۇشۇ ئىكەن» دەپ، بىر گېزىتنى ئالدىغا قويغىنىچە كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، ئىككى سائەتتەك ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. مانا بۇ رېستوران بىلەن كۇتۇبخانىدىكى كەيپىياتنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسى بولالايدۇ.

يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ غەلىتە. بىز مۇشۇ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «يازنىڭ ئۈچ ئىشى» غا ياردەملىشىش ئۈچۈن يامانيار يېزىسىغا باردۇق. ئارىسال ۋاقىتلىرىمىزدا كىتاب كۆرۈش مەقسىتىدە يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىغا بېرىپ چېلىقتۇرغان ئىش بىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇردى: «مەدەنىيەت پونكىتى» دەپ ئاتالغان بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىشىكى تاقاقلىق ئىكەن، ھەتتا بازار كۈنلىرىدىمۇ ئېچىلمايدىكەن، تۇرقىدىن قارىغاندا بۇ ئۆي بىر - ئىككى يىل مابەينىدە مەدەنىيەت پونكىتى سۈپىتىدە ئېچىلغاندەك ئەمەس. پونكىت ئالدىدا تىجارەت قىلىدىغان بىر كىشىدىن بۇ پونكىتنىڭ قايسى چاغدا ئېچىلىدىغانلىقىنى سورىغاندۇق. ئۇ بىزگە: بۇ پونكىتقا مەسئۇل خادىمنىڭ بۇ يەرنى ئېچىشنى ئۇنتۇپ، شەخسىي چوكا مۇز زاۋۇتى قۇرغانلىقىنى، پونكىت ئىچى تىجارەتچىلەرنىڭ غالتەك ۋە باشقا نەرسىلىرىنى قويىدىغان ئامبارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، تىجارەتچىلەر نەرسە - كېرەكلىرىنى ئالىدىغان ۋاقىتتىن باشقا چاغدا بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىز بۇ ئىشنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن مەدەنىيەت پونكىتىغا مەسئۇل خادىمنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنى راستىنلا چوكا مۇز ياساۋاتقان يېرىدىن تاپتۇق، ئۇنىڭغا كىتاب ئارىيەت ئالماقچى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىۋىدۇق، بىزگە قاراپمۇ قويماي: «مېنىڭ ھازىر ئىشىم بەك ئالدىراش، زادىلا ۋاقتىم يوق» دەپ سوغۇقلا جاۋاب بەردى. كېيىن ئۇققۇشىمىزچە، بۇ

مەدەنىيەت پونكىتىدا باشقىلارغا ئارىيەت بەرگۈدەك كىتابمۇ يوق ئىكەن، يىللاردىن بۇيان، بىرەر سان گېزىتكىمۇ مۇشتەرى بولماپتۇ. بەزى يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتلىرى كونىراپ كېتىپ، ئۆيلەپ چېقىۋېتىلگەن ياكى توپا بېسىپ تۇرغان، ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم بولمىغاچقا يېڭىسى سېلىنمىغان. بەزى يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئىلگىرىكى ئۆيلىرى يېزىنىڭ باشقا ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان. ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېزىلارغا بارسا، بەزى يېزا مەسئۇللىرىنىڭ پوزىتسىيىسى تولىمۇ ناچار بولغان. مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە، ھۆججەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ، مەدەنىيەت پونكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئېيتسا، مەلۇم يېزىنىڭ باشلىقى ئاچچىقلاپ: «بۇنداق بىر پۇڭغا پايدىسى يوق ئورۇننى چېقىپ تۈزلىۋېتىش كېرەك، بىزگە پۇل تاپىدىغان ئورۇن لازىم!» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىن بارغان ھېلىقى خادىم قېيداپ قايتىپ كەلگەن، مەسىلە تا ھازىرغىچە ھەل بولمىغان. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» دا: «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى لازىم. زۆرۈر ماددىي كاپالەت بولمىسا، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەس بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى. ئەپسۇس، بەزى جايلاردا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك خېلى نۇرغۇن ئىشلىرىمىز ماددىي كاپالەتكە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ بوينى قىسىلىپ قېلىۋاتىدۇ. مەبلەغ بولمىسا قۇرۇلۇشنى نېمە بىلەن قىلىدۇ؟ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزىدۇ؟ كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارغا نېمە بىلەن مۇشتەرى بولىدۇ؟ مانا بۇ مەسىلە نۆۋەتتە ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا، بۇ ئىش بىلەن ھۆكۈمەتنىڭمۇ، پۇلى بارلارنىڭمۇ كارى بولمىسا، كۇتۇبخانىلار، مەدەنىيەت پونكىتلىرى توپا - چاڭ ئاستىدا چۆلدۈرەپ قېلىۋېرىدۇ، كۇتۇبخانىلار ۋە مەدەنىيەت پونكىتلىرىغا كىرىدىغانلار ئازىيىپ، رېستورانلارغا چاپىدىغانلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. يېزا ياشلىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە قارتا ئويناپ، ئىت تالاشتۇرۇپ، جېدەل - ماجىرا قىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى ئاۋارىچىلىق تېپىپ يۈرۈۋېرىدۇ. بۇنى مەندىنمۇ چوڭقۇرراق ئانالىز قىلىپ ئېغىزدا سۆزلەيدىغانلار خېلى كۆپ، لېكىن ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىدىغانلار زادى قانچىلىك؟!

دەۋر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھازىرقى دەۋرنىڭ باش تېمىسى بولۇپ قالدى. قېرىنداش مىللەتلەر ۋە باشقىلار پۇلنى ئىلىم - پەنگە، تەرەققىياتقا سەرپ قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بەزى مەرىپەتپەرۋەر، ساخاۋەتلىك كىشىلىرىمىز شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچىپ، تاپقان پۇلىنى مەكتەپ، دوختۇرخانا سېلىش، يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلارنى يۆلەشكە ئىشلىتىۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە قول ئىلكىدە بار كىشىلەر يۇقىرىقىلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، تەڭ ھەرىكەتكە كەلسەك، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش يولىدىكى ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە بولالمايۋاتقان بوشلۇق تولىدۇ، بىزدىكى رېستوران قىزغىنلىقى قارىسىغىلا قوغلىشىش ئەمەس، بەلكى مەدەنىي تۈس بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ، بىزنىڭ مەدەنىيلىكىمىز ھەقىقىي مەنىسى بويىچە ۋە ئۆزىمىز زوقلانغۇدەك دەرىجىدە جۇلالىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

(ئاپتور يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

# مۇھىت ۋە سالامەتلىك

● يۇمەريەم شېرىپ ●

يەر شارى — ئىنسانلارنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى. بىزدە ئەزەلدىن «يەر مېنىڭ ئانام» دەيدىغان سۆز بار. چۈنكى يەر بولغاچقىلا ئىنسان پەيدا بولغان ۋە ياشىيالىغان، لېكىن ئانىمۇ ئۆز پەرزەنتىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلالمىغىنىدەك، يەر شارىمۇ ئىنسانلارنىڭ قوغدىشىغا ۋە ئاسرىشىغا مۇھتاج. ئىنساننىڭ تەقدىرى مۇھىت بىلەن زىچ باغلانغان. مۇھىت دېمەك — ئىنسان دېمەكتۇر. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن چوقۇم مۇھىتنى قوغدىشى كېرەك.

دۇنيادا ئىنسانىيەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ مۇھىت، تازىلىق قارىشى، گۈزەل مەدەنىيەت ئېڭى تەرەققىي قىلماقتا. مەدەنىيەتلىك ئەللەردىكى كىشىلەر ئۆز ئائىلىسى، مۇھىتنى ياخشىلاپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن دۆلىتىنىڭ، ئۆز رايونىنىڭ مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر قانداق جايدا شۇ ئورۇننىڭ مۇھىتىنى قوغداشنى ئۆز مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىپ، بۇنىڭدىن ھالقىپ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى ئويلاپ، يەر شارى خاراكتېرلىك بۇلغىنىشنى تۈگىتىپ، مۇھىتنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش يولىدا كۈرەش قىلماقتا.

دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە ۋە مۇھىت تازىلىقىغا بولغان كۆز قارىشى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتىدۇ. كۆپلىگەن ئەقىللىق ئادەملەر مۇھىتنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز ئائىلىسىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاپلا قالماي، بەلكى يەر شارىنىڭ، ئۆز شەھىرىنىڭ ۋە ئۆز رايونىنىڭ مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلمەكتە. لېكىن بەزى مۇھىت قارىشى تۆۋەن كىشىلەر ئۆز شەخسىي تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرسىمۇ، جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىت تازىلىقىغا سەل قارىماقتا.

مەھەللە دوقمۇشىدا، شەھەر كوچىلىرىدا، شەھەرنىڭ پۇچقاقلىرىدا يۇندا ۋە ئەخلەت دۆۋىلىنىپ تۇرسا نورغۇن كىشىلەر شۇ كېرەكسىز نەرسىلەر چوقۇم شۇ يەردە تۇرۇشى زۆرۈردەك پەرۋاسىز قاراپ قويىدۇ. بەزىلەر، ئەخلەت، يۇندىلارنى ئۆيىدىن تالاغا تاشلىسىلا بولىدۇ، دەپ قاراپ، كىشىلەرنىڭ ئۆتەر يوللىرىغا، پاكىز يەرگە خالىغانچە تاشلايدۇ - دە، بېشىنى يۇپۇرۇپلا ئۆيىگە كىرىۋالىدۇ. يەنە بەزى بىر قىسىم مەدەنىيەتسىز كىشىلەر بازار، كوچا دوقمۇشلىرىدا ئەيمەنمەستىن ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. شۇڭا كوچا، مەھەللىلەر، ئائىلە قورۇسىدىن بەتبۇي پۇراقلار كېلىپ، توپا، چاڭ - توزانلار ئۇچۇپ تۇرىدۇ. بۇ ماھىيەتتە شۇ كىشىلەرنىڭ تازىلىق ئېڭىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى، توغرا بولغان مۇھىت قارىشىنى، ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس.

پاكىزلىق مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى، «ساپ ھاۋا تەنگە داۋا» دېگەن ھېكمەت سۆز بىكار ئېيتىلمىغان. مۇھىت ساپ، پاكىز بولمىسا، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە زور تەسىر يەتكۈزىدۇ. چۈنكى ساغلاملىق ھاياتنىڭ ياشلىق باھارىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالالايدۇ. تەن ساغلام بولغاندىلا ئاندىن ئۈنۈملۈك ھالدا كىشىلىك ھاياتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. ساغلاملىقنى ساقلاش ئادەم بولۇشنىڭ مەسئۇلىيىتى، مۇكەممەل كىشىلىك غورۇر يارىتىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. شۇڭا مۇھىتنى ياخشىلاپ، ساغلاملىق، سالامەتلىككە دىققەت قىلىش ۋە بۇنى بوشاشماي داۋاملاشتۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم ۋە قىممەتلىك.

پاكىزلىق — سالامەتلىكنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەينەت كىشىلەرنىڭ پۈلىمۇ، دىلىمۇ مەينەت كۆرۈنىدۇ. بىز مەدەنىيەتلىك، پەزىلەتلىك مىللەت بولالىساق ئاندىن دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز.

مۇھىتنى ياخشىلاپ، سالامەتلىكنى ئاسراش ئەڭ گۈزەل پەزىلەتتۇر. شۇڭا پۈتۈن جەمئىيەت، جۈملىدىن ياش - ئۆسمۈرلەر، ئوقۇغۇچىلار، دوستلار مۇھىت تازىلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

بىز ياش - ئۆسمۈرلەر كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى. بىز ئىلىم - پەن ئىگىلەش بىلەن بىرگە مۇھىتنى ئاسرىشىمىز، سالامەتلىكىمىزگە دىققەت قىلىشىمىز، پاكىزلىقنى، گۈزەللىكنى قەدىرلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. سىزنىڭ بىر تۈپ كۆچەت تىككىنىڭىزمۇ يەر شارى ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلغىنىڭىز. ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن بىر ئۈلۈش كۈچ قوشقىنىڭىزدۇر. سىز يەر شارىنى سۆيسىڭىز مۇھىتنى سۆيۈڭ! سالامەتلىكنى ئاسراڭ! بىز ئورتاق تىرىشىپ، ساپ، گۈزەل مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

(ئاپتور شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ
تولۇق 2 - يىللىق 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ بېرىشىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا

● چېڭ شياڭچېڭ ●

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، قانۇن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تۈزۈمى بىلەن ئادەتتىكى تەكلىپلەرنى بېرىش تۈزۈمىدە پەرق يوق بولۇپ، تەكلىپ تۈزۈمى دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. تەكلىپ تۈزۈمى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بەزى يولداشلار مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويدى: قانۇنىي ئىگە ئورگان ۋە ۋەكىللەر، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر تەكلىپ بەرسە بولىدۇ، بىراق، ئەمەلىيەتتە قانۇنىي ئىگە ئورگان ئاساسلىقى گوۋۇيۈەن بەرگەن تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلۈۋاتىدۇ ھەم ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللىنىۋاتىدۇ؛ دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىسىدە بۇنداق ئىشلار كۆرۈلۈپ باقمىدى؛ ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپ گەرچە ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، قارالمىغا كىرگۈزۈلۈپ قارالغانلىرى ئىنتايىن ئاز. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1983 - يىلى 4 - ئايدىكى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدىن 1996 - يىلى 3 - ئايدىكى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىغىچە بولغان 15 يىل ئىچىدە، ۋەكىللەر 6328 پارچە تەكلىپ بەرگەن بولۇپ، قارالمىغا كىرگۈزۈلۈپ قارالغانلىرى ئاران تۆت پارچە بولغان، بۇ ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپ ئومۇمىي سانىنىڭ 1% ىگىمۇ يەتمەيدىكەن.

بۇ مەسىلىگە قانداق قاراش كېرەك؟ مېنىڭچە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋەكىللەر ۋەكىللىكنى قوشۇمچە ئۆتىگەچكە، ئۇلار خىزمەت شارائىتى ۋە ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ (كۆپىنچىسى قۇرۇلتاي يىغىنى مەزگىلىدىلا ئوتتۇرىغا قويىدۇ)، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ قانۇنىي ئىگە ئورگان ئۇزۇن مۇددەت ئۇلغۇلا قىلغان، تەييارلىغان ھەم مەخسۇس گۇرۇپپىدا دەلىللىگەن، يېزىپ چىققان تەكلىپكە سېلىشتۇرغاندا كۆپ پەرقلىنىدۇ، شۇڭا قانۇندا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپكە بولغان تەلەپنىڭ قانۇنىي ئىگە ئورگانغا قارىغاندا كۈچلۈك بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق. چەت ئەللەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ، ھۆكۈمەت بەرگەن تەكلىپلەر ناھايىتى زور ئېتىبارغا ئېلىنىدىكەن. ھەر قايسى ئەللەر پارلامېنت ئىتتىپاقىنىڭ 60 دۆلەت ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 52 دۆلەتتە ھۆكۈمەت بەرگەن تەكلىپنىڭ نىسبىتى 70% تىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ قانۇن چىقىرىش تەكلىپىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەتتا مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. فرانسىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى جەھەتتە ھۆكۈمەت پارلامېنت ئەزالىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن؛ ئامېرىكىنىڭ قانۇنىدا پەقەت پارلامېنت ئەزالىرىلا قانۇن چىقىرىش تەكلىپىنى بېرىشكە ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دۆلەت مەجلىسىدە مۇزاكىرە قىلىش پۇرسىتىگە ئەڭ كۆپ ئىگە بولىدىغىنى، ئەڭ ئاسان ماقۇللىنىدىغىنى يەنىلا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ھەم مونوپول گۇرۇھ ۋەكىللىرىنىڭ، پارلامېنت سىرتىدىكى گۇرۇھلارنىڭ ئۆز پارتىيىسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن چىقىرىش تەكلىپلىرى ئىكەن.

ئەلۋەتتە، بىز سوتسىيالىستىك دۆلەت. خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ بېرىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىشنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى، ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدىلا ۋاقىتلىق تەكلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش كېرەك. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسىنىڭ 21 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ۋەكىللەر بىرلىشىپ بېرىدىغان ياكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بېرىدىغان تەكلىپلەرنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئاۋۋال بېرىشكە بولىدۇ. بىراق، بۇ بەلگىلىمە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنمىدى. شۇڭا ۋەكىللەر ياكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ يىغىندىن بۇرۇن تەكلىپلەرنى تەييارلىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇندا كونكرېت تەرتىپنى بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئىككىنچى، ۋەكىللەر ياكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەكلىپ بېرىشى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. يەنى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرگە ياردەمچى سەپلەپ بېرىش، دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت ئورگىنى كومىتېت ئەزالىرى ياكى ۋەكىللەرنى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش، ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلتاي يىغىنىدىن بۇرۇن ياكى قۇرۇلتاي يىغىنى مەزگىلىدە تەكلىپ بېرىشىگە ئوخشاش ئىشلارغا تولۇق تەييارلىق قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قۇرۇلتايدىن بۇرۇن ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەشنى ئويلىشىپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ.

«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى سانىدىن

ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى

## قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى 1998 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى داغدۇغىلىق باشلىنىپ 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەر مىللەت سايلىغۇچىلىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ناھىيىدە 17 كىشىلىك سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، يېزا - بازارلاردا 7 - 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان سايلام ھەيئىتى تەسىس قىلدى. ھەر قايسى كەنتلەردە 3 - 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان سايلام رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە، ئورگانلار ۋە يېزا - بازارلاردىن قانۇن ئېڭى كۈچلۈك، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى بولغان 545 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ ھەر قايسى سايلام نۇقتىلىرىغا ئەۋەتتى. ئومۇمەن بۇ قېتىمقى سايلامنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى ھەم كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

بۇ قېتىمقى سايلام بەش باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

1. تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەندى.

تايانچىلارنى تەربىيىلەش، تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا باشتىن ئاخىر سىڭدۈرۈلدى. ناھىيىمىزدە 15 يېزا، بازار، 223 مەمۇرىي كەنت، تۆت ئاھالە كومىتېت بولۇپ، بۇلار 346 سايلام رايونىغا ئايرىلدى. ناھىيىدە ئېچىلغان سايلام سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىن كېيىن ھەر قايسى يېزا - بازارلار ئارقا - ئارقىدىن سەپەرۋەرلىك يىغىنلىرىنى ئاچتى ھەم سايلام تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ناھىيە بويىچە ئېچىلغان سايلام سەپەرۋەرلىك يىغىنى 445 قېتىم، تەربىيىلەنگەن تايانچ 1950 نەپەر بولدى. ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئاساسىي قانۇن، سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە سايلامغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ماتېرىياللار كەڭ ئۆگىنىش قىلىندى ۋە تەشۋىق قىلىندى. بۇ ئارقىلىق يېزا - بازارلاردىكى ھەر مىللەت سايلىغۇچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشتى. بۇ قېتىمقى سايلام داۋامىدا بېسىپ تارقىتىلغان تەشۋىقات ماتېرىيالى 2998 پارچە، ئىشلەنگەن قىسقا خەۋەر 37 سان، ئىشلەنگەن قارا دوسكا، تام دوسكا 425، ئېسىلغان لوزۇنكا 741 دانە، يېزىپ چاپلانغان شوئارلار 21 مىڭ 230 پارچە، ئىشلەنگەن تەشۋىقات ئۈنئالغۇ لېنتىسى 262 دانە، چىقىرىلغان تەشۋىقات ماشىنىسى 41 قېتىم، رادىئو تەشۋىقاتى 1455 قېتىم، ئىش ئورۇنلىرىدا قىلىنغان تەشۋىقات 533 قېتىم، تەشۋىقاتنى ئاڭلىغان ئادەم 314 مىڭ 342 ئادەم - قېتىم بولدى.

2. سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتى ئىنچىكە، تەرتىپلىك، پۇختا، قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلەندى.

سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش ھەر قايسى سايلام رايونلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. سايلام قانۇنىدا سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھو-

قوقىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، خاتا تىزىملىماسلىق،
چۈشۈرۈپ قويماسلىق، تەكرار بولۇپ قالماسلىق
ئىشقا ئاشۇرۇلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
پۇقراسى بولغان، سايلام كۈنى يېشى جەزمەن 18
گە تولغان، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمى-
غان كىشىلەرنى تىزىملاشقا كاپالەتلىك قىلىندى.
قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنى-
غانلار تىزىملانمىدى. ناھىيە بويىچە سايلام ئېلىپ
بېرىلغان ئورۇنلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 253 مىڭ
631 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەر - ئايال ئومۇمىي
سايلىغۇچى 143 مىڭ 808 نەپەر، سايلام ھوقۇقىنى
يۈرگۈزەلمەيدىغانلار 489 نەپەر، سايلام ھوقۇقى ۋاق-
تىنچە توختىتىلغانلار سەككىز نەپەر، سايلام ھوقۇ-
قىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بەش نەپەر. سايلىغۇچى-
لارنى تىزىملاپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم
ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ چىقىلدى. سايلام قانۇنى-
نىڭ 27 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سايلىغۇ-
چىلارنىڭ ئىسىملىكى سايلام كۈنىدىن 20 كۈن بۇ-
رۇن بالۇ چىقىرىپ ئېلان قىلىندى ھەمدە سايلىغۇ-
چىلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

3. دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلىنىپ، نام-
زات كۆرسىتىش، غۇلغۇلا قىلىش، رەسمىي ۋەكىل
نامزاتىنى بېكىتىش خىزمەتلىرى قانۇن بويىچە ئىن-
چىكە، چوڭقۇر ئىشلەندى.

ۋەكىل نامزاتلىرىنى كۆرسىتىشتىن رەسمىي
ۋەكىل نامزات ئىسىملىكىنى بېكىتىشكىچە بولغان
پۈتكۈل جەريان يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى-
نىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىكى ئاچقۇچلۇق
مۇھىم ھالقا. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى-
نىڭ ئورنى، رولى ۋە ئۇلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك
ئاساسىي ساپاسى، سايلام قانۇنى، ئاپتونوم رايوننىڭ
بىۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسى-
پىدىكى ۋەكىل نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش، بېكى-
تىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى كەڭ تۈردە تەش-

ۋىق قىلىنىپ، ۋەكىل نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش،
بېكىتىش خىزمەتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ساغلام، ئو-
ڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.
ۋەكىل نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش، بېكىتىش خىز-
مەتلىرى تۆۋەندىن يۇقىرىغا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاي-
تا - قايتا غۇلغۇلا، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق كۆپ
سانلىق سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرى بويىچە پەرقلىق
سايلام سانىغا مۇۋاپىق بولغان رەسمىي نامزات ئى-
سىملىكىنى بېكىتىپ سايلام كومىتېتى تەكشۈرۈپ،
تەستىقلىغاندىن كېيىن سايلام كومىتېتىنىڭ نامىدا
سايلام كۈنىدىن بەش كۈن بۇرۇن ئېلان قىلىندى.
ناھىيە بويىچە كۆرسىتىلگەن نامزات 2917 نەپەر،
رەسمىي ۋەكىل نامزاتى 1264 نەپەر. ناھىيىلىك
سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ھەر قايسى
يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ
كونكرېت سان تەقسىماتىنى ھۆججەت شەكلىدە ئۆز
ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە ناھىيىدىكى
ھەر مىللەت سايلىغۇچىلىرىغا ئوچۇق ئېلان قىلىپ،
1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيە بويىچە
يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى
سايلاش كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى.

4. بېلەت تاشلاپ سايلام ئېلىپ بېرىشنىڭ
سىناق نۇقتىسى، ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتى ياخ-
شى ئىشلەندى.

ناھىيىلىك سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇ-
رۇپپىسى يېزا - بازارلار سايلىمىنىڭ قانۇن بويىچە
تەرتىپلىك، ياخشى ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك
قىلىش ئۈچۈن بارىن يېزىسىنىڭ 21 - سايلام رايو-
نىدا سايلامدىن ئۈلگە كۆرسىتىش نەق مەيدان يىغىنى
ئاچتى. سىناق ئاياغلاشقاندىن كېيىن سايلام كومى-
تېتلىرى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈن-
لەپ، سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈ-
چۈن شارائىت ھازىرلىدى. ھەر قايسى يېزا - بازار-
لىق سايلام ھەيئەتلىرى سايلام ئېلىپ بارغاندا 1)

ھەر قايسى سايلام رايونلىرىغا سايلام رىياسەتچىلىرىنى ئەۋەتتى. 2) سايلام بېلىتى، سايلام نەتىجىسىنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلى، ۋەكىللەرنىڭ سۆز تىزىمىنى بىر تۇتاش بېسىپ تارقاتتى. 3) سايلام رايونىدىكى رەسمىي ۋەكىل نامزاتلىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى سايلام كۈنىدىن بەش كۈن بۇرۇن ئېلان قىلدى. 4) سايلام كومىتېتى سايلىغۇچىلارغا رەسمىي ۋەكىل نامزاتلىرىنى تونۇشتۇردى، ۋەكىل نامزاتلىرىنى كۆرسەتكەن پارتىيىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە سايلىغۇچىلارمۇ سايلىغۇچىلارغا ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ۋەكىل نامزاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئەمما سايلام كۈنى ۋەكىل نامزاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىردەك توختىتىلدى. 5) سايلام يىغىن مەيدانى ھەيۋەتلىك، كۆركەم ياسىلىپ، دۆلەت بايرىقى، لوزۇنكا، شوئارلار چاپلاندى. 6) ھەر قايسى سايلام رايونلىرىغا سايلام چارىسى بىر تۇتاش بېسىپ تارقىتىلدى. 7) سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، سايلام بېلىتىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە تولدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. 8) سەييارە بېلەت تاشلاش ساندۇقى تەسىس قىلىنىپ، سايلامغا قاتنىشالمايدىغانلارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش كاپالەتلەندۈرۈلدى. 9) ھاۋالە ئۈچ كىشىدىن ئېشىپ كەتمىدى. 10) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلىپ، ھەر قايسى مىللەتتىن بولغان نامزاتلارنى ئۆز مىللىتى ئىچىدە پەرقلىق سان بويىچە سايلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەت ۋەكىللىرى بىر - بىرىنىڭ سانىنى ئىگىلەپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. 11) سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سايلام كومىتېتى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ سايلامنى كۈچكە ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ ئىسمىلىكىنى سايلام رايونلىرىدا باڭ چىقىرىپ ئېلان قىلدى. ناھىيە بويىچە سايلاشقا تېگىشلىك ۋەكىل 772 نەپەر بولۇپ رەسمىي ۋەكىل نامزاتىدىن پەرقلىق سان بويىچە سايلاپ چىقىلغان ۋەكىل 772 نەپەر. ۋەكىل سايلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۆز ۋاقتىدا ۋەكىللىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

5. يېزا - بازارلارنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىنى ئۆز ۋاقتىدا چاقىرىلىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يېزا - بازارلار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاپ چىقتى.

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە يېزا - بازارلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى چاقىرىلىپ، 14 نەپەر (ئايال ئىككى نەپەر) يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ رەئىسى ئۈچ نەپەر، مۇئاۋىن رەئىسى 15 نەپەر، يېزا - بازار باشلىقى 58 نەپەر (ئايال ئالتە نەپەر) مۇئاۋىن يېزا - بازار باشلىقى سايلاپ چىقىلدى. بۇ قېتىمقى سايلام ئارقىلىق يېزا، بازار رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ھەقىقىي كۈچەيتىلىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەسىر ھالقىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

بارات تۇردى، مەمەت ئىبراھىم

(قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن)

## نىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى

نىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىـ

يىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى بىلەن ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تونجى قېتىم ئاشكارا تەكشۈرۈپ باھالىدى.

بۇ ئىككى كوللېگىيىنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا ئادىل باھا بېرىپ، نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، دېلو بېجىرىش ۋاقتىغا سەل قاراش، سوتلانغاندىن كېيىنكى ھۆكۈم ۋە ئىجرا ئۇقتۇرۇشلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزمەسلىك، تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە سەل قاراپ، قىسمەن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ساقلانغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە ئۇلاردىن دېلو بېجىرىشكە پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، بىرمۇ يامان ئادەمنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماسلىق، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ناھىيىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ دائىمىي كومىتېت يەنە كادىرلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش، قانۇننى تەشۋىق قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش ئاڭلىقلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدەمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ج خ ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سۇ ئىدارىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىكى 123 نەپەر كادىردىن «خەلق ساقچىلىرى قانۇنى»، «ئامانلىق ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامى»، «ئورمان قانۇنى»، «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»، «سۇ قانۇنى»، «سۇ - تۇپراق ساقلاش قانۇنى» قاتارلىق بەش قانۇن بىر نىزامدىن بىر تۈتاش يېپىق ئىمتىھان ئالدى. ئورۇنلاشتۇرۇش بۇرۇن، ئۆگىنىش پۇختا بولغانلىقتىن ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا % 99، % 97 ۋە % 95 بولدى.

مەتنۇرى يۇسۇپ

## بارىن يېزىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسى ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدىلا يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، كەنتلەردە ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتى، يېزا، كەنت - مەھەللىلەردە ئامانلىق ساقلاش چارلاش ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشكە بولغان رەھبەرلىكنى قاتلاممۇقاتلام كۈچەيتتى. يېزا تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ، كەنتلەر بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، مەسئۇلىيەتنى ھەر بىر ئائىلىگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. تۆت قارار كۇرس ئېچىپ، 31 نەپەر تايانچ تەربىيىلىدى ۋە ئالتە قېتىم تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، 12 مىڭ 491 نەپەر ئادەم (قېتىم) نى «ئاساسىي قانۇن»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش، جازالاش نىزامى» قاتارلىق قانۇن، نىزاملاردىن خەۋەردار قىلىپ، ئاممىنىڭ قانۇننى بىلىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. يولدىن ئازغان 17 نەپەر ياشقا بولغان باشقۇرۇش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈ-

رۇش قىلىشىغا ھەر جەھەتتىن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. يىل بويى يېزا، كەنت، مەھەللىلەردە چارلاش ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. جىنايەت يۈز بېرىش بىلەن مۇداپىئە كۆرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن، جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، دېلو يۈز بېرىش نىسبىتى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەندىن سىرت، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ يۈز بېرىشى 60 پىرسەنت تۆۋەنلەپ، پاش قىلىنىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يېتىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئادىل مەتنىياز

## قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللەرنى پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى

خەلق ۋەكىللىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تەكشۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تىرىشىپ دۆلەت ۋە پاختىكارلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغاش ئۈچۈن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ناھىيە تەۋەلىكىدىكى بىر باش پونكىت، ئالتە تارماق پونكىت دائىرىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، يېزىلار ھەر قايسى پاختا سېتىۋېلىش پونكىتلىرىغا 69 نەپەر ۋەكىل نازارەتچى ئەۋەتكەن.

بۇ يىلقى پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى، ھەر قايسى يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ناھىيىلىك كوپېراتىپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاتارلىق كەسپىي تارماقلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى نەتىجىسىدە ئوڭۇشلۇق، ساغلام ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن پاختىكارلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن پاختىكار 1998 - يىللىق پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىدە ئۈچ ئىشتىن رازى بولغان.

1. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كەلتۈرگەن پاختا ئۇرۇقلۇقىنىڭ سۈپىتى ياخشى، سورتى ئەلا، باشقۇرۇش تەدبىرى كۈچلۈك بولۇپ، پاختىنىڭ ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، مەھسۇلاتى يۇقىرى، باھاسى مۇۋاپىق بولغان.

2. پاختا سېتىۋېلىشقا ئائىت يۇقىرىنىڭ سىياسەتلىرى توغرا ئىجرا قىلىنىپ، دېھقانلارغا ئاق ھۆججەت بېرىدىغان، باھا ۋە دەرىجىنى باسىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، پۈتكۈل پاختا سېتىۋېلىش جەريانىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى كۆتۈرۈلگەن. يېزىلاردىن ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەرنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىنىپ ۋەكىللەر نازارەت جەريانىدا دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن پاختىكارلارنىڭ مەنپەئەتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىغان.

3. پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتى جەريانىدىكى تەشۋىقات، بىخەتەرلىك خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەنگەن.

قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي
كومىتېت ئىشخانىسى

## ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەرنى، نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا يېتەكلەپ ياخشى نەتىجە ياراتتى

1996 - يىلىنىڭ بېشىدا يېزىلىق 11 - نۆۋەتلىك خ ق ھەيئەت رىياسىتى بۇ يېزىدىكى 25 نەپەر

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى، 62 نەپەر يېزا ۋەكىلىنى ھەر بىر خەلق ۋەكىلى ئۈچتىن بەشكىچە نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆز بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋەكىللەر ھەيئەت رەياستىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆز جايلىرىدىكى نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىپ، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتلەردىن ياردەم بەردى، ۋەكىللەرنىڭ باشلامچىلىقىدا بىر قىسىم كادىرلار، ئالدىن بېيىغانلارمۇ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنى ئەۋج ئالدۇردى. بۇ پائالىيەت 1996 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ يىل داۋاملاشتى. نەتىجىدە بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە خەلق ۋەكىللىرىدىن 47 كىشى 201 نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ جەمئىي 13 مىڭ 700 كىلو ئاشلىق، 8200 يۈەن نەق پۇل، 35 تونىنا خىمىيىۋى ئوغۇت، 210 قۇر كىيىم - كېچەك، 3700 كىلو كۆمۈر، 410 تۇياق چارۋا، 31 مىڭ تۈپ مېۋىلىك - مېۋىسىز دەرەخ كۆچىتى قاتارلىقلارنى نامراتلار ئائىلىلەرگە ھەقسىز ياردەم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىدىكى 1996 - يىلقى 1025 نامرات ئائىلىدىن 869 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېزا بويىچە نامرات ئائىلە 156 گە، نوپۇس 614 كە ئازايدى.

ئىبراھىم ئىمىن

## ئاقتام يېزىسى «نىكاھ قانۇنى» تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈردى

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاقتام يېزىسى 1998 - يىلىنىڭ بېشىدىلا «نىكاھ قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يېزا بويىچە توققۇز ئورۇندا خىزمەت گورۇپپىسى قۇرۇپ، 45 نەپەر يېزا، كەنت كادىرلىرىنى مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلدى. يېزا، كەنتلەردە 14 قېتىم ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 21 نەپەر تەشۋىقات تايانچىنى «نىكاھ قانۇنى» ئاساسىي بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىدى. مەخسۇس گورۇپپا تەشكىللەپ، «نىكاھ قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يېزىدا يېشىغا توشماي تۇرۇپ نىكاھلىنىش، قوش نىكاھلىنىش، دىنىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ھەممە كىشى «نىكاھ قانۇنى» غا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

تۇرسۇن راخمان

## ئوبلاست، ناھىيە ۋەكىللىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى

ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئوبلاست، ناھىيە ۋەكىللىرىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «مائارىپ قانۇنى» ۋە «توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى. تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى، يېزىلارنىڭ تۈرلۈك تۇتۇقلىرى، خالىسانە ئەمگەك، جۇغلانما ئەمگەك قاتارلىقلار گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولۇپ 4% ئىچىدە كونترول قىلىنغان. بۇ يېزىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەن بولۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۈرلۈك باجلىرىنى بىكار قىلىش، يەڭگىللىتىش، نامرات ئائىلىلەرنى كادىرلارغا ھۆددىگە بېرىش، بېيىغان پارتىيە ئەزالىرى ئۈستىگە ئېلىش، ئۆسۈمسىز قەرز تارقىتىش، ئايلانما تاۋار چارۋا تارقىتىش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتكەن بولۇپ، 1997 - يىلى بۇ تۆت يېزىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئومۇمىي ئائىلە 102 گە، ئادەم سانى

600 گە يەتكەن. 98 ـ يىللىق پىلان 145 ئائىلە، 800 ئادەم بولۇپ پىلان ئورۇندالغان. بۇ يېزىلارنىڭ توققۇز يىللىق مائارىپ خىزمىتىدە ياخشىلىنىش بارلىققا كەلگەن بولۇپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى %98.5 كە يەتكەن. تۇراقلىشىش نىسبىتى %95 كە يەتكەن.

**ئاقيول**

## چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قىزىق نۇقتىلارنى چۆرىدەپ دېھقانلارنى ئەمەلىي نەپكە ئىگە قىلدى

ئۆتكەن بىر يىلدا چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قىسمەن ۋەكىللەر ۋە ئالاقىدار خادىملارنى تەشكىللەپ بىر قىسىم يېزا ـ بازارلارنىڭ سۇ راسخوتىنى يىغىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق يېزا ـ بازارلار دېھقانلاردىن ئۆلچەمدىن ئارتۇق يىغقان 210 مىڭ يۈەن سۇ راسخوتى دېھقانلارغا قايتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئەمەلىي نەپكە ئىگە بولدى.

بۇ دائىمىي كومىتېت يەنە ۋەكىللەرنى «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»، «مائارىپ قانۇنى» ۋە «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن «ئۈچ قانۇن» نى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئالاقىدار تارماقلارغا ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ، ياخشى پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەخسۇس ھۆججەت چۈشۈرۈپ ئالاقىدار سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى. بۇ ئارقىلىق ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارە ـ ئورۇنلاردىن كەنتلەرگە يار ـ يۆلەكتە بولۇشقا مەسئۇل قىلىنغان ئورۇنلار ۋە ناھىيىگە قاراشلىق ھەر قايسى يېزا ـ بازارلاردا نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ كىتاب پۇلىنى ھەل قىلىپ بەردى. تاغلىق يېزىلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماقلىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بىر قانچە مەكتەپكە ئاشخانا سېلىپ بېرىلدى. مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ۋەزىيىتى ئورۇندالمىغانلىقتىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇتۇپ قېلىنغان مائاشى قايتۇرۇپ بېرىلدى. بۇ ئارقىلىق مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**مەتقۇربان ھوشۇر**

## مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى

قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ھەققىدە بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ھەمدە ئورگاندىكى قاۋۇل كادىرلارنى ئاجرىتىپ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار جاپادىن، ھېرىپ چارچاشتىن قورقماي، پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزا ـ بازارلار ۋە ناھىيىگە قاراشلىق مەمۇرىي، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىغا بېرىپ مۇشتەرى قوبۇل قىلدى. بۇ ئارقىلىق قاراقاش ناھىيىسىدىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش سانى 533 كە يەتكۈزۈلۈپ ئۆتكەن يىلغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

**ئېلى مەتروزى**

## قەلبلەرنى ئىللىتقان ۋەكىللەر

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسىدىكى ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، پارتىيە ۋەكىللىرى 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىغىچە بۇ يېزىدىكى ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، پارتىيە ۋەكىللىرىدىن 165 كىشى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە

17 مىڭ 500 يۈەن نەق پۇل، 15 مىڭ 350 كىلوگرام ئاشلىق، 72 كىلوگرام سۇ مېيى، 320 قۇر قىشلىق كىيىم ـ كېچەك، 17 توننا كۆمۈر ۋە 115 هارۋا ئوتۇن ياردەم قىلدى. 145 مىڭ 500 يۈەن پۇل، 31 مىڭ 300 كىلوگرام ئاشلىق قەرز بەردى. 1250 ئادەم ئىش كۈنى ئەمگەككە قاتنىشىپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. بۇ يېزىدىكى ۋەكىللەر يەنە مائارىپ ئۈچۈن 5450 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

ئوسمانجان بارات
ئازادگۈل رېشىت

ئۆلگىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى

چىرا ناهىيە دامىكو يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ناهىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئابدۇرېھىم قارى (دىنىي زات) ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئاممىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ھەقىقىيانىي پىكرىنى ئىنكاس قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشقا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئىچكى ئۆلكىلەردە كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا 1000 يۈەن، ئۆز كەنتىدىكى قىيىنچىلىقى بار سەككىز ئائىلىگە 500 جىڭ ئاشلىق، 500 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. ئۆزى ئىماملىق قىلىۋاتقان مەسچىتنىڭ جامائەتلىرى مەسلىھەتلىشىپ، مەسچىتنىڭ 6138 يۈەن پۇلىنى كەنتنىڭ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا، باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ۋە كەنتنىڭ سىملىق رادىئونى ئومۇملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلدى.

توختى روزى قۇربان

پىچان ناھىيىلىك خ.ق دائىمىي كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى

يېقىندا پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئون يېزا (بازار) دا يېڭى سايلانغان يېزا (بازار) دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا «ۋەكىللەر قانۇنى» نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ رولى، ئورنى، هوقۇقى، ۋەزىپىسىگە بولغان تونۇشى چوڭقۇرلىشىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچەيدى. ۋەكىللەر بىردەك ئەسىر هالقىيدىغان تارىخىي پەيتتە، ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشكە يېزا (بازار) دەرىجىلىك 537 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قاتناشتى.

بۇ دائىمىي كومىتېت يەنە ئۆتكەن يىل 10 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 12 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە ئېلىپ بېرىلغان نۆۋەت ئالمىشىش سايلام خىزمىتى ئاخىرلىشىش بىلەنلا ئىككى ئايدىن ئارتۇق قانات يايغان خىزمەت جەريانىدا مەيدانغا چىققان ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەرنى تاللاپ چىقىشنى ئورۇنلاشتۇرغاندى. ھەر قايسى يېزا (بازار) لار قاتلامۇقاتلام ئىلغار ئورۇن، شەخسلەرنى تاللاشقا ئەھمىيەت بەردى. نەتىجىدە پىچان يېزىسى، لۈكچۈن بازىرى، چىقتىم بازىرى سايلام ھەيئىتى، پىچان بازىرى تىتىر كەنت، لەمجىن بازىرى ئاقدۆڭ كەنت، دىغار يېزىسى كارىزكۆل كەنت سايلامغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق 18 كوللېكتىپ ئورۇن، ياقۇپ ئىمىن، فاڭ تىغەي، بى يەنرۇڭ، تاھىر مەمەت قاتارلىق 35 خادىم ئايرىم ـ ئايرىم هالدا چوڭ يىغىندا تەقدىرلەندى.

بارات سايىتم



# نەپسانىيەتچىنىڭ قازىنى تۆشۈك

● تۇرسۇنجان مىجىت ●

× × ×

لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش بازارلىق خەلق سوتىنىڭ باشلىقى دۆلەت تارى نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ئازغىنە نەپنى دەپ قانۇنغا ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەزكۇرغا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، مەمۇرىي جەھەتتە بازارلىق خەلق سوتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسىنى بەردى.

دۆلەت تارى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن پىشقان رەھبەرىي كادىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ 1997 - يىل 7 - ئايدا چارباغ يېزىسىدىكى ئىبراھىم ئاخۇننىڭ توي قىلىش يېشىغا يەتمىگەن ئۆز ئوغلى ۋە ئۆگەي قىزىغا توي قىلىش رەسمىيىتىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەن 250 يۈەن پارىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ بۇ ئىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ پۇرسەت كۈتكەن، ئاخىرى ئۇنىڭ كۈتكەن پۇرسىتى ئەمەلگە ئېشىپ، ئاساسىي قاتلام خەلق سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرىنى باھالاپ تەكشۈرۈش باشلانغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئەنزىدىكى ئىككى پارچە بېجىرىلىپ بولغان نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى ئوغرىلىقچە سۆكۈپ ئېلىپ ساختا نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسىنى ياساپ ئىبراھىم ئاخۇنغا بەرگەن.

نەپسانىيەتچىنىڭ قازىنى تۆشۈك دېگەندەك ئىككى تەرەپنىڭ يالغانچىلىق قىلىشى بىلەن بولغان توي ئىشى ئاخىرى قىزنىڭ قورساق كۆتۈرۈشى ئارقىلىق ئاشكارىلىنىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىشتەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

× × ×

لوپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق كاسسىرى مەتتۇرسۇن سۇلايمان ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە خىزمەتتىكى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ 1992 - يىلدىن 1998 - يىلى 1 - ئايغىچە ئومۇمنىڭ پۇلىدىن 18 مىڭ 328 يۈەنگە خىيانەت قىلغان. ساختىلىق قىلىش، ئوقۇتقۇچىلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلگەن نەپىقە پۇلى، مائاشىنى تۇتۇپ قېلىش، شەخسلەرنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىنى ئېلىۋېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن 48 مىڭ 788 يۈەن پۇلنى ئىگىلىۋېلىشتەك خاتالىق سادىر قىلىپ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مالىيە تۈزۈمىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىدىن چىقىرىلدى.

(ئاپتور لوپ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسىدىن)



## دۇنيادا قانچە خىل تىل بار

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، هازىر دۇنيادا 5000 دىن ئارتۇق تىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليوندىن كۆپرەك ئاهالە قوللىنىدىغانلىرىدىن 163، 50 مىليوندىن كۆپرەك ئاهالە قوللىنىدىغانلىرىدىن 19 تىل بار. قوللىنىدىغانلار سانى ئەڭ كۆپ بولغىنى خەنزۇ تىلى، قوللىنىدىغان دۆلەتلەر ئەڭ كۆپ بولغىنى ئىنگلىز تىلى (34 دۆلەت)، بىر دۆلەت ئىچىدە تىل تۈرى ئەڭ كۆپ بولغىنى ھىندىستان (845) دۇر. بۇ 5000 دىن ئارتۇق تىلنىڭ 3/2 قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ يېزىقى يوق. هازىر بىر-دىنبىر تەرجىمە قىلىنمايدىغان خەلقئارالىق يىغىن يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا دۇنيا تىلى يىغىنى بولۇپ، يىغىنغا بەش چوڭ قىتئەدىن بىر نەچچە مىڭ ۋەكىل كېلىدۇ. ئۇلار دۇنيا تىلى بىلەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئالماشتۇرۇپ، ئىنسانىيەت تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئىستىقبالىنى نامايان قىلىدۇ.

«دەۋر ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ
1998 - يىل 5 - سانىدىن
تۇرسۇن پىداقۇل تەرجىمىسى

## 2000 - يىلىغا بارغاندا بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن كېتىدىكەن

مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، 2000 - يىلىغا بارغاندا ئائىلىنىڭ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيىلىشى ئۈچۈن كېتىدىغان خىراجىتى هازىرقى خىراجەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدىكەن.

بىرىنچى، دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئېلىش پرىنسىپى بىر تۇتاش قىلىنغانلىقتىن، خىراجەتنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئوقۇغۇچى ئۈستىگە ئالىدىكەن. مەسىلەن، بىر ئوقۇغۇچى تۆت يىلدا ئوقۇش پۇتتۇرىدۇ دەپ ھېسابلىغاندا، يىللىق ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن 2000 يۈەن، باشقا خىراجەتنى قوشقاندا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتىدىكەن.

ئىككىنچى، تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەنلىكتىن، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئېيىغا 300 يۈەندىن تۆت يىلدا جەمئىي 15 مىڭ يۈەن پۇل كېتىدىكەن. ئۇنىڭغا قاتناش، ئالاقىلىشىش، داۋالىنىش قاتارلىق باشقا خىراجەتلەرنى قوشقاندا 2000 يۈەندىن ئاشىدىكەن. قىسقىسى، 2000 - يىلىغا بارغاندا بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئائىلە 24 مىڭ يۈەندىن 30 مىڭ يۈەنگىچە پۇل چىقىم قىلىدىكەن.

«شەھەر» كەچلىك گېزىتىدىن
يەن شۆلىن تەرجىمىسى

## مەملىكىتىمىزدە نىكاھ كۆز قارىشى ئۆزگەرمەكتە

تۇنجى نىكاھلىنىش يېشى يۇقىرى بولماقتا. 1997 - يىلى مەملىكىتىمىز نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇنجى نىكاھلىنىش يېشى 24 ياش بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنىڭ 24 ياش، ئاياللارنىڭ 22 ياش ئىدى. رايونغا بۆلۈپ قارىغاندا، تۇنجى نىكاھلىنىش يېشى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە بىرلا ۋاقىتتا ئۆزگىرىش بولدى. 1997 - يىلى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نىكاھلىنىش يېشى ئەڭ يۇقىرى رايون بېيجىڭ شەھىرى بولۇپ، 26 ياش بولغان، ئۇنىڭدىن قالسا شاڭخەي بولۇپ، 25

ياش بولغان.

**نىكاھدىن ئاجرىشىش نىسبىتى يۇقىرى بولماقتا.** خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى 1990 - يىلدىكى 38٪ تىن ئېشىپ 1997 - يىلى 85٪ كە يەتكەن. نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلارنىڭ سانىمۇ 1990 - يىلدىكى 800 مىڭ جۈپتىن كۆپىيىپ 1996- يىلى 1 مىليون 130 مىڭ جۈپكە يەتكەن. 1990 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نىكاھتىن ئاجرىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ سانىمۇ 4 مىليون 840 مىڭ كىشىدىن كۆپىيىپ 6 مىليون 970 مىڭ كىشىگە يەتكەن. بۇنىڭدىن سىرت 30 ياشتىن 39 ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولۇپ، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

**قايتىدىن نىكاھلىنىش ئەھۋاللىرى كۆپەيمەكتە.** 1985 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئارانلا 500 مىڭ كىشى تىزىملىتىپ قايتىدىن نىكاھلانغانىدى. 1997 - يىلغا كەلگەندە بۇ 862 مىڭ كىشىگە يەتتى. 1997 - يىلى مەملىكەت بويىچە نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىكى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدە 18 مىليون كىشى قايتا نىكاھلانغان. بۇنىڭدىن يېرىمىغا يېقىن ئادەمنىڭ يېشى 50 تىن يۇقىرى بولۇپ، 8 مىليون 590 مىڭ كىشى ئىكەن.

«تيەنجىن گېزىتى» دىن
يەن شۇلىن تەرجىمىسى

## چىرىكلىككە قارشى تۇرماسلىقمۇ بىر خىل چىرىكلىك

خەۋەر قىلىنىشىچە، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم ۋىلايىتىدىكى بىر شىركەت دىرېكتورى ئەزەلدىن ئىقتىسادىي ئۇنۇمنىلا تەكىتلەپ «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش» نى بەفەت تىلغا ئېلىپ باقمىغان. نەتىجىدە، ئۇنىڭ شىركىتىدە تۇرلۇك چىرىك ھادىسىلەر يامراپ كەتكەن. ئاقىۋەت «مەن چىرىكلەشمىسەملا، باشقىلارنىڭ چىرىكلىشىشى ئۆزلىرىنىڭ ئىشى دەيدىغان» بۇ دىرېكتور چىرىكلىكنىڭ چىرىتىشىنى توسۇۋالالماي، نومۇسسىز چىرىك ئۇنسۇرغا ئايلانغان.

ئۆزۈندىن بېرى بەزى ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە بولغان رەھبەرلىكىنىڭ بىتەرلىك بولماسلىقى، يوزتىسىيىسىنىڭ يۇمشاق بولۇشى چىرىك ھادىسىلەرنىڭ ئۈزلۇكسىز يامراپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبكە ئايلاندى. ئۇلار پەقەت ھوقۇق، پۇل سودىسى قىلىش، قانۇننى بۇزۇپ پارا ئېلىش، ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق قىلىشلا چىرىكلىك بولىدۇ، چىرىكلىككە قارشى تۇرماسلىق چىرىكلىك ھېسابلانمايدۇ، دەپ قارىدى. چىرىك ھادىسىلەرنى كۆرمەسكە سالدى… مۇشۇنداق چىرىكلىككە قارشى تۇرماسلىق چىرىك ھادىسىلەرنىڭ ئۈزلۇكسىز يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چىرىكلىككە قارشى تۇرماسلىقمۇ بىر خىل چىرىكلىك بولىدۇ.

•

«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1998 - يىل 23 - ئاپرېلدىكى سانىدىن
يەن شۇلىن تەرجىمىسى



## شاۋقۇننىڭ كۆپ بولۇشى ئۆسمۈرلەرنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق

بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، تېلېۋىزور، رادىئولارنىڭ شاۋقۇن ئاۋازى 60 ـ 80 دېتسىبىلگە، كىر ئالغۇنىڭ 42 ـ 70 دېتسىبىلگە يېتىدىكەن. يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندىكى شاۋقۇن ئاۋاز 60 دېتسىبىل بولىدىكەن. دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەملىرىدە «ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىدا شاۋقۇن ئاۋاز كۈندۈزى 50 دېتسىبىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، كېچىسى 45 دېتسىبىلدىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئەگەر بۇ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە ئادەم بەدىنىگە زىيان يەتكۈزىدىكەن. ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدىنى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن، توقۇلمىلىرى ناھايىتى نازۇك ۋە ئاجىز بولغاچقا، شاۋقۇن ئاۋازلارنىڭ ئۇلارغا بولغان زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولىدىكەن.

مېدىتسىنا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا ئېيتىلىشىچە، ئائىلىلەردىكى شاۋقۇن ئاۋازلار ئۆسمۈرلەردىكى گاس ـ گاچىلىقنى پەيدا قىلىدىغان كېسەللىك سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. كلىنىكىلىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇزۇن مۇددەت 80 دېتسىبىلدىن يۇقىرى شاۋقۇن ئاۋاز مۇھىتىدا ياشىغانلارنىڭ گاس بولۇپ قېلىش نىسبىتى 50% كە يېتىدىكەن. ئۇندىن باشقا، داۋاملىق شاۋقۇن ئاۋاز مۇھىتىدا تۇرىدىغان ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆرۈش سېزىمىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە كۆز ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ، نۇرغا ماسلىشىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، رەڭ سېزىمى ۋە كۆرۈش دائىرىسى ناچارلاپ، كۆزى ئاغرىپ ۋە تورلىشىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن. شاۋقۇن ئاۋازلارنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئۆسمۈرلەردە يەنە باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئۇخلىيالماسلىق، كۆپ چۈش كۆرۈش، ماغدۇرسىزلىنىش ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناچارلىشىش قاتارلىق نېرۋا ئاجىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدىكەن.

تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە، قاينام ـ تاشقىنلىق مۇھىتتا ياشايدىغان ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشى تىنچ مۇھىتتا ياشايدىغان بالىلارنىڭكىدىن 20% تۆۋەن بولىدىكەن.

ئىمىنجان راخمان تەرجىمىسى

## ئۆزىنى كەمسىتىش ئادەمنى بالدۇر قېرىتىۋېتىدۇ

بەزى كىشىلەر قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم باسماي تۇرۇپلا، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قېرىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇلاردا فىزىئولوگىيىلىك چېكىنىش بالدۇر كۆرۈلىدۇ، بۇ ئادەتتە دائىم ئېيتىلىدىغان بالدۇر قېرىشتىن ئىبارەت. بالدۇر قېرىش بىلەن قېرىپ كېتىش پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، بالدۇر قېرىش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بالدۇر قېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار كۆپ بولۇپ، ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى ئېغىر ئادەملەرنىڭ ئەسلىدىنلا مەلۇم كەمتۈكلۈكى ياكى كەمچىلىكى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىدىن خىجىل بولۇپ، دائىم ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرۈپ، بۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نەتىجىدە دىلى قاراڭغۇلىشىپ قالىدۇ.

ئۆزىنى كەمسىتىدىغان كىشىلەر غەمكىن، كەيپىياتى ناچار يۈرىدۇ، دائىم باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، باشقىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايدۇ، نەتىجىدە، ئۇلار دوست تۇتالمايدۇ، رىقابەت ئېڭىنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ، ئىشلارغا رايى بارمايدۇ، دىققەت ـ ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ، خىزمەتتە ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ، تۇرمۇشقا قىزىقمايدۇ.

ئۆزىنى كەمسىتىدىغانلارنىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقى ئۇزاق مۇددەت بېسىق ھالەتتە تۇرغانلىقى، شاد ـ خۇراملىقنىڭ ياخشى غىدىقلىشى كەمچىل بولغانلىقى، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى تۇرغۇن ھالەت-

تە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى تۇرلۇك ئەزالارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارى مۇناسىپ تولۇق قوزغالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى ئاجرالما سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىمۇ مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن نورمال ھالىتىنى يوقىتىدۇ، زىيانلىق گورمونلار ئاجرالمىغا ئەگىشىپ كۆپىيىدۇ، ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، ئوڭايلا تۈرلۈك كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. يەنە كېچىكمەي ئىنكاس قايتۇرۇش، پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىزلىنىش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، چىرايى يادائىغۇلىشىش، چېچى بوشاش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ، ئادەمنىڭ بالدۇر قېرىشىنى تېزلىتىۋېتىدۇ.

شۇڭا، بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى كەمسىتىش روھىي ھالىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىپ، ئۆزىنى بىلىپ، ئۆزىگە، تۇرمۇشقا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرمۇش ساھەسىنى ئىمكانىقەدەر كېڭەيتىپ، كەڭ دائىرىدە دوست تۇتۇپ، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش داۋامىدا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

«جوڭگو ۋە چەت ئەل ژۇرناللىرىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن قاھار تەرجىمىسى

## مەزى بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇش گۆش، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ ئىستېمال قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك

59 دۆلەتتىكى مەزى بېزى راكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن ئىسپاتلىنىشىچە، گۆش ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى زىيادە كۆپ ئىستېمال قىلىدىغانلارنىڭ مەزى بېزى راكىغا گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى ئەڭ چوڭ بولىدىكەن، دانلىق زىرائەت ۋە مېغىز ئىستېمال قىلىدىغانلاردىن بۇ كېسەل بىلەن ئۆلىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولىدىكەن.

تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئومۇمىي گەۋدىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سولۇ ياكى ئارپىدىن ياسالغان يېمەكلىكلەر، مېغىز ۋە مايلىق زىرائەتلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىشنىڭ قوغداش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.»، «مەزى بېزى راكى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش سۈت مەھسۇلاتلىرى، گۆش ۋە ئۆي قۇشلىرىنى ئىستېمال قىلىش بىلەن ئوڭ تاناسىپ، سولۇ ياكى ئارپىدىن ياسالغان يېمەكلىكلەر، نوقۇت تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر، مېغىز ۋە باشقا سۇ ماي چىقىرىلىدىغان زىرائەتلەر، بېلىق گۆشى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. مەزى بېزى راكى بىلەن باشقا بەزى ئەزالار راكى قان تەركىبىدىكى گورمون سەۋىيىسىگە ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. ھايۋانات مېيى چوڭلارنىڭ جىنسىي گورمون سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەزى بېزى راكى راك كېسەللىكلىرى ئىچىدە ئۆپكە راكىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان قاتىل ھېسابلىنىدۇ.

قاھار تەرجىمىسى

## بالىلارغا پايدىسىز ھەرىكەتلەر

كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئاتا - ئانىلار بالىلارغا پايدىسىز بەزى ئىشلارغا دائىم سەل قارايدۇ.

**چوڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاش.**
بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلىسا، چوڭلار چىقارغان كاربون (Ⅳ) ئوكسىد گازى بالىلارنىڭ يۈز قىسمىنى ئوكسىگېن كەمچىل بولغان، كاربون (Ⅳ) ئوكسىد قاپلاپ كەتكەن كىچىك مۇھىت ئىچىگە بەنت قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلاردا قېنىپ ئۇخلىيالماسلىق ياكى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ، غەلۋە قىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، بۇ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ.

**دائىم ئېڭىكىنى يۆلىۋېلىش.** بالىلار ئەگەر دائىم ئېڭىكىنى يۆلىۋالسا، قوۋۇزى بېسىلىپ، ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن چىشىنىڭ نورمال ئۆسۈ-

شى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باللار تۈز ئولتۇرمىسا، ئومۇرتقىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

**خورۇم ئاياغ كىيىش.** باللارنىڭ مۇسكۇللىرى ۋە سۆڭەكلىرى يۇمشاق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خورۇم ئاياغ قاتتىق، ئېلاستىكىلىقى تۆۋەن بولغاچقا، باللار بالدۇرلا خورۇم ئاياغ كىيىۋالسا، پۇتىنىڭ نېرۋا قان تومۇرلىرى بېسىلىپ، تاپان ۋە بارماقلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

**رەڭلىك كۆزەينەك تاقاش.** باللارنىڭ كۆرۈش سېزىمى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي يېتىلىدۇ. دائىم رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋالغاندا، باللارنىڭ كۆرۈش پەردىسى يېتەرلىك نۇرنىڭ غىدىقلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. نەتىجىدە كۆرۈش سېزىمىنىڭ يېتىلىش جەريانىغا قاتنىشالماي، كۆرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

**ئارغامچا تارتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش.** ئارغامچا تارتقاندا، باللارنىڭ دېمى سىقىلىدۇ. بەزىدە بۇ ئۇزۇن بولغاندا 10 نەچچە سېكۇنتقىچە داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تويۇقسىز ئېغىزىنى ئېچىپ نەپەس ئالغاندا، ئۇلارنىڭ كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ ئىچكى بېسىمى تويۇقسىز تۆۋەنلەپ، تومۇردىكى قانلار يۈرەك دالانچىسىغا ئورۇلۇپ، باللارنىڭ يۇمران ھالەتتىكى يۈرىكىنى ئوڭايلا زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ.

قاھار تەرجىمىسى

* * *

قانۇنمۇ ياخشى - يامان دەپ ئايرىلىدۇ. يەنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولغان ۋە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قانۇن بولىدۇ. — ئارستوتىل

قانۇننىڭ مەقسىتى — قانۇننىڭ ئىدارە قىلىشىنى قوبۇل قىلغان بارلىق كىشىلەرنى ئادىللىق بىلەن قانۇننى تەتبىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ. بىگۇناھ كىشىلەرنى قوغداش ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتىن ئىبارەت. — لوك

ھاكىمىيەت بېشىدىكى كىشىلەرنى ئادىل بولۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، قانۇن ھاكىمىيەت بېشىدىكى كىشىلەرگە باشقا پۇقرالاردىن تېخىمۇ كۆپرەك شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرمەسلىكى كېرەك. — مابول

قانۇن — سىياسىي جەھەتتىكى ئادىللىقنىڭ ئىپادىسى. — ئارستوتىل

ئۆچ ئېلىش شەكلى بىلەن جىنايەتكە تاقابىل تۇرىدىغان قانۇن پەقەت ئۆزىدىكى قانۇندۇر، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئادىللىق ھېسابلانمايدۇ. — گېگېل

ئەگەر قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشى كىشىلەرنى جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش قورالىرىغا ئەڭ تولۇق ماسلىشالايدىغان قىلسا، ئۇ چاغدا بۇنداق قانۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئەڭ ئاسان ئادىل قانۇن دەپ قارىلىدۇ. — لاسكى

ھەر بىر پۇقرانىڭ جەمئىيەتتە ئاللىقاچان بار بولغان بارلىق ئىسىل ھەرىكەت ۋە ئىسىل خىسلەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەڭ ياردەم بېرەلەيدىغان نەرسە نېمە؟ كۆپچىلىك بۇنىڭغا قوشۇلۇشى مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ، تىرىشچانلىق، تۈز كۆڭۈللۈك، ئادىللىق ۋە ئېھتىياتچانلىق. — مىر

رەھىم يۈسۈپ تەييارلىغان

* * *

# ئىككى شېئىر

● پەرھات مەمتىمىن ●

## نۇر ئوغلى

(ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، يېتىملار مەكتىپى سالغان نۇرتاي ھاجىمغا بېغىشلايمەن)

ئاتىسىزغا بولۇپ ئاتا سەن،
ئانىسىزغا بولۇپ ئانا سەن،
شەرەپ تاپتىڭ ئەلنىڭ ئىچىدە،
يېتىملارغا بولۇپ پاناھ سەن.

ئاچتىڭ ئىللىق قوينۇڭنى نۇرتاي،
تېنەپ يۈرگەن سانسىز گۆدەككە.
مېھرىڭ بىلەن بەردىڭ قايتا جان،
ئۈششۈك ئۇرغان غۇنچە - چېچەككە.

مەكتەپ سالدىڭ، سالمىدىڭ ساراي،
يېتىملارنىڭ غەمخانى نۇرتاي.

سەن بولمىساڭ ئاشۇ يېتىملار،
يۈرەر ئىدى نەدە تەمتىرەپ.
سەن بولمىساڭ ئۇلارنى تەقدىر،
ئاپىراتتى نەلەرگە سۆرەپ ...

نۇر ئوغلىسەن، ئەلنىڭ ئوغلىسەن،
يېتىملارنىڭ غەمگۇزارىسەن.
ياشا نۇرتاي، مەڭگۈ نۇر تۆكۈپ،
خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى سەن.

مەكتەپ سالدىڭ، سالمىدىڭ قاۋاق،
قەلبلەرگە ياندۇرۇپ چىراغ.

## پۇشايمان

(بىر دوستۇمغا)

ئەجەپ تىنچتى قولىقىم،
سېنى تونۇماس چاغدا.
قاچان كەلدىڭ تونۇشتۇق،
ئۆرتەندى يۈرەك داغدا.

ئېتىزىمغا ساپان سېپ،
توشۇپ بەرسەڭ سۆيۈمنى.
باشلاپتىمەن ئۆيۈمگە،
بىلمەي ئەسلى خويۇڭنى.

شۇندىن بۇيان تاپمىدى،
كۆڭلۈم بىردەم ئاراملىق.
تۈزۈمنى يەپ تىللايسەن،
قىلدىم نېمە يامانلىق؟

نېمىلەرنى دېيۈىدىڭ،
بىز تونۇشقان چاغدا سەن.
دەردلىرىمگە دەرد قوشۇپ،
ئەمدى قويدۇڭ داغدا سەن.

# يۇرتۇمدا باھار

● راشىدىن ئەرشىدىن ●

مىليون باھار ھىدى سەندە،
ھۆر جەننەتنىڭ سىماسى يۇرت.
بارچە چېچەك قىلار خەندە،
ئىللىق نۇرنىڭ دۇنياسى يۇرت.

گۈل چىھرىڭدىن ئايمۇ چۆچەر،
مەپتۇن بولۇپ چولپان تۈنەر،
سۇزۇك تاڭلار قانماي سۆيەر،
گۈزەللەرنىڭ بەرناسى يۇرت.

مىڭ قۇياشنىڭ تەپتى سەندە،
سۆيگۈڭ ئوتى كۆيەر تەندە.
جۇشقۇنلايدۇ شادلىق مەندە،
سۆيگۈ - مېھىر دەرياسى يۇرت.

مۇجەسسەمدۇر سەندە سۆيگۈ،
سۆيگۈڭ دىلدا ئاقار مەڭگۈ،
مەستخۇش قىلار ئىشقى سەزگۈ،
ئاتەش كۆڭۈل شەيداسى يۇرت.

سەن كۆيۈمچان بىر ئانا قۇش،
مېھرىڭ بىلەن گۈزەل تۇرمۇش.
ئاسمان - زېمىن، بۈگۈن - ئۆتمۈش،
قايناق ھايات سەيناسى يۇرت.

قانۇن ھەم پەن بولغاچ ياراغ،
ھەر بىر دىلدا يانار چىراغ.
ئەجىرلەردىن تاپتىڭ روناق،
ئەقىل - ئىدراك بەرپاسى يۇرت.

كۈمۈش تەرلەر چاچقۇ چاچار،
پاك قەددىڭگە تونلار ياپار.
يېڭى ئەسىر بىر باب ئاچار،
شانلىق يىللار جۇلالىسى يۇرت.

تۈمەن قۇياش تەپتى سەندە،
مىليون باھار ھىدى سەندە.
پەخىر، غۇرۇر لاۋا تەندە،
ئاشىق دىللار تەشناسى يۇرت.

# باش ئەگىم گۈلى

(يۇرتىمىزنىڭ مائارىپ سېپىدىن پېنسىيىگە
چىققان ئايال تۆھپىكارلارغا بېغىشلايمەن)

● ھەبىبۇللا ئوسمان بوستانى ●

يۇرتىمىزدا تۆھپىكار باغۋەن،
خانىملارنى كۈيلەپ يازارمەن.
ئەجرى ئۇلۇغ، پۈتمەس خەزىنە،
شۇ خەزىنىدىن گۆھەر قازارمەن.

ئۇ بىر ئۇستاز، سۆيۈملۈك ئانا،
مېۋە بەرگەن چېچەكلىرى بار.
ئۇ بىر باغۋەن، بۈيۈكتۇر ئەجرى،
تىككەن تالاي كۆچەتلىرى بار.

تارىخ گۇۋاھ باسقان يولىغا،
ھەم كۆمۈلمەس قالدۇرغان ئىزى.
ياشلىق گۈلى كەتتىمۇ توزۇپ،
ئۇ جەلپكار نەشپۈتزار قىزى.

ئانا قۇشتەك ئاشۇ ئۇستازنىڭ،
ئىز باسارى قاقماقتا قانات.
ئۇ مىننەتسىز تۆھپىكار ئىنسان،
ئۆتكۈزمەكتە مەنىلىك ھايات!

يازسا رومان ئۇنىڭ كەچمىشى،
تۆھپىسىمۇ ئۆمۈر داستانى.
يىللار ئۇنى مۇكچەيتكەن بىلەن،
گۈزەل قىزدەك كۆڭۈل بوستانى.

ئالەم چەكسىز، بۇ ئۆمۈر چەكلىك،
ئۇستاز كۆڭلى مەڭگۈ قېرىماس.
ياشانغاندا ياشارغان ئانا،
باغۋەن قەلبى باھاردەك خالاس!



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قىسمەن رەھ. بەرلىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى



مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

## ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 7 - يىغىنى «شىنجاڭ خەلق» سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ قارالمىسى (لايىھە) ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى (يازما) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىزامى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر مۇھىتى - تازىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يولداش تۇرسۇن سادىرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى قارارى ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، شۇيېڭ، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، خوجىخان ھاكىموۋ، سۇلايمان نىيەتتۇل، ماجيەنگو ۋە باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىللار يىغىنغا قاتناشتى.



مۇئاۋىن مۇدىر مىجىت ناسىر، سۇلايمان كومىتېت ئەزالىرى بىلەن «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك نازارەتچىلىك - تەكشۈرۈش نىزامى» نى قاراپ چىقتى



كومىتېت ئەزالىرى «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر مۇھىتى - تازىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى قاراپ چىقتى



كومىتېت ئەزالىرى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك نازارەتچىلىك - تەكشۈرۈش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىنى بەردى



«ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىزامى» كومىتېت ئەزالىرى مۇزاكىرە قىلىدىغان «قىزىق نۇقتا» غا ئايلاندى



ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللىرى دوكلاتلارنى ئەستايىدىل قاراپ چىقماقتا



شۆجى ۋاڭ لېچۈەن تۇرپان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئىلى ۋەكىللىرى ئۈچ دوكلاتنى قاراپ چىقتى



قەشقەر ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا قارىتا پىكىر ۋە تەۋسىيەلىرىنى بەردى



تۇرپان ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدا سۆز قىلدى



ئۈرۈمچى ۋەكىللىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا قارىتا ئۆز پىكرىنى بەردى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1166/D پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 34
ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى 01005433 باھاسى 2.40 يۈەن